# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسى قائىدىسى

ئىملا قائىدىسى - توغرا يېزىش قائىدىسى دېگەنلىك بولۇپ، مەلۇم بىر ئەدەبىي تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ توغرا يېزىشىنى تەمىن ئېتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىملادا ئورتاق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسىدۇر.

ئىملا قائىدىسى - مەلۇم بىر يېزىقنى قوللىنىدىغان مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئاخبارات، نەشرىيات، ئۇچۇر ئىشلىرىدا شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىلنىڭ توغرا قوللىنىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئۆز نۆۋىتىدە تىلنىڭ قېلىپلىشىپ ۋە تاكامۇللىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان موھىم قورالدۇر.

ئىملا قائىدىسى تىلنىڭ يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزىلىدۇ. ئۇ يېزىق تىلى بىلەن جانلىق تىل ئوتتۇرىسىدا نازارەتچىلىك رولىنى ئويناپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى كىچىكلىتىدۇ. بىر مىللەت تىلىدا جامائەتچىلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئىملا قائىدىسى بولمىغان ئەھۋالدا، بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشتقان ئەدەبىي تىلنىڭ بولۇشىدىن ئېغىز ئېچىش مومكىن ئەمەس. بىر تىلدا ئىملا قائىدىسىنىڭ تۈزۈلۈشى شۇ تىلنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلەرگە بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىشكە ۋە دىيالېكت شېۋىلەر بىلەن ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەدرىجىي ئازايتىشقا ئاساس بولىدۇ.

I ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 تاۋۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 30ى فونېما ھېسابلىنىدۇ. «ژ» بىلەن «ف» تاۋۇشلىرى فونېما ھېسابلانمايدۇ. تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىگە كىرگەن سۆزلەر مۇشۇ 32 تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇلاردىن:

سوزۇق تاۋۇشلار سەككىز: ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە تىلىمىزدىكى رولىغا قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ:

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار: ئە، ئۆ، ئۈ

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئو، ئۇ

ئارا سوزۇق تاۋۇشلار: ئې، ئى

سوزۇق تاۋۇشلار لەۋ ھالىتىگە قاراپ، يەنە لەۋلەشكەن ۋە لەۋلەشمىگەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ

لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار: ئا، ئە، ئې، ئى

ئۈزۈك تاۋۇشلار 24 بولۇپ، ئۇلار: ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي

ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش-تىترىمەسلىكىگە قاراپ، جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ:

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار: ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ي، ۋ

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار: پ، ت، چ، خ، س، ش، ف، ق، ك

II سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىملادا ئىپادىلىنىشى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى يىلتىز ياكى ئۆزەكتىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغان قوشۇمچىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىشىدۇر.
ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئاساسەن تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىققا قارىتىلغان. ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان سۆزلەر بۇ قائىدىگە تامامەن بوي سۇنىدۇ. ئەمما چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بۇ قائىدىگە ئانچە بوي سۇنۇپ كەتمەيدۇ.
1)سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى
تۈرغۇن سۆز (پېئىلدىن باشقا سۆزلەر) ۋە پېئىللارغا قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولىشىغا قاراپ قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس بولغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ.
A. تۈرغۇن سۆزلەردە:
(1)تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن تۈرغۇن سۆزلەردە:
بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە:
تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە كېلىش

قوشـۇمچىلىرى، كۆپلـۈك قوشۇمچىسـى، تەۋەلــك ئىككىنچـى شـەخس ئـاددىي تـۈرى قوشۇمچىسى" _ڭ، -ىڭ، -ۇڭ"ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس سىپايە تـۈرى قوشۇمچىسـى "-ڭىز، ىڭىز، ۇڭىز"دىن كىيىن يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئۆزەكتىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

باغ_ باغدا، باغقا، باغلار، بېغىڭ، بېغىڭىز، بېغىڭلار، بېغىڭىزلار

قوي_ قويدا، قويغا، قويلار، قويۇڭ، قويۇڭلار، قويۇڭىز، قويۇڭىزلار

كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە:

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملـۇق تۇرغـۇن سـۆزلەرگە كـېلىش قوشـۇمچىلىرى، كۆپلـۈك قوشۇمچىسـى، تەۋەلــك ئىككىنچـى شـەخس ئـاددىي تـۈرى قوشۇمچىسى "_ڭ، _ىڭ، _ۇڭ"ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى قوشۇمچىسى" ڭىـز، _ىڭىـز، _ۇڭىـز"دىن كـىيىن يەنە كۆپلـۈك قوشۇمچىسـى قوشـۇلغاندا، ئالـدىنقى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قانـداق بولۇشـىدىن قەتئىيـنەزەر، سـۆز ئـاخىرىدىكى سوزۇق تـاۋۇش بىـلەن قوشـۇمچىدىكى سـوزۇق تاۋۇشـلار تـىل ئـورنى جەھەتـتىن ئۆزئـارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

دەزمـال_ دەزمالــدا، دەزمالغــا، دەزمـاللار، دەزمىلــڭ، دەزمىلىڭــلار، دەزمىلىڭـــز، دەزمىلىڭىزلار

پەيتۇن_پەيتۇنـــدا، پەيتۇنغـــا، پەيتـــۇنلار، پەيتۇنـــۇڭ، پەيتۇنـــۇڭلار پەيتـــۇنىڭز، پەيتۇنىڭىزلار

(2)تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن تۇرغۇن سۆزلەردە:

بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە:

تىل ئالدى سـوزۇق تـاۋۇش بىـلەن تـۈزۈلگەن بىـر بوغۇملـۇق تۇرغـۇن سـۆزلەرگە كـېلىش

قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك قوشۇمچىسى، تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرى قوشۇمچىسى" _ڭ، -ىڭ، -ۇڭ"ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى قوشۇمچىسى "-ڭىز، ىڭىز "دىن كېيىن يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئۆزەكتىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

بەت_ بەتتە، بەتكە، بەتلەر، بېتىڭ، بېتىڭلەر، بېتىڭىز، بېتىڭىزلەر

گۈل_ گۈلدە، گۈلگە، گۈللەر، گۈلۈڭ، گۈلۈڭلەر، گۈلۈڭىز، گۈلىڭىزلەر

يۈك_ يۈكتە، يۈككە، يۈكلەر، يۈكۈڭ، يۈكۈڭلەر، يۈكىڭىز، يۈكىڭىزلەر

سۈت_ سۈت، سۈتتە، سۈتكە، سۈتلەر، سۈتۈڭ، سۈتۈڭلەر، سۈتىڭىز، سۈتىڭىزلەر

كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە:

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە كېلىش قوشۇمچىلىرى، كۆپلۈك قوشۇمچىسى، تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرى قوشۇمچىسى "_ڭ، _ىڭ، _ۇڭ"ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس سىپايە تۈرى قوشۇمچىسى" ڭىز، _ىڭىز "دىن كېيىن يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئالدىنقى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۆز ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئورەك_ ئورەكتە، ئورەككە، ئورەكلەر، ئورىكىڭ، ئورىكىڭلار، ئورىكىڭىز، ئورىكىڭىزلەر

لۈغەت_ لۈغەتتە، لۈغەتكە، لۈغەتلەر، لۈغىتىڭ، لۈغىتىڭلەر، لۈغىتىڭىز، لۈغىتىڭىزلەر

پېچەت_ پېچەتتە، پېچەتكە، پېچەتلەر، پېچىتىڭ، پېچىتىڭلەر، پېچىتىڭىز، پېچىتىڭىزلەر

ئەتىرگۈل_ ئەتىرگۈلدە، ئەتىرگۈلگە، ئەتىرگۈللەر، ئەتىرگۈلۈڭ، ئەتىرگۈلۈڭلەر،

ئەتىرگۈلىگىز، ئەتىرگۈ_لىگىزلەر

B. پېئىللاردا:

(1)تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن پېئىللاردا:

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا بۇيرۇق-تەلەپ رايى، خالاش رايى، ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى ۋە شەرت رايى قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، يىلتىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

باق_ بېقىڭ، بېقىڭلار؛ بېقىڭىز، بېقىڭىزلار؛ باقتىڭ، باقتىڭلار؛ باقتىڭىز، باقتىڭىزلار؛ باقسىلا؛ باقاي، باققايلا؛ باقساڭ، باقساڭلار؛ باقسىڭىز باقسىڭىزلار. . .

يات_يېتىڭ، يېتىڭلار، يېتىڭىز، يېتىڭىزلار؛ ياتتىڭ، ياتتىڭلار؛ ياتتىڭىز، ياتتىڭىزلار؛ ياتسىلا؛

ياتقايلا؛ ياتساڭ، ياتساڭلار؛ ياتسىڭىز، ياتسىڭىزلار

ساقلا_ ساقلاڭ، ساقلاڭلار؛ ساقلىڭىز، ساقلىڭىزلار؛ ساقلىدىڭ، ساقلىدىڭلار؛ ساقلىدىڭىز, ساقلىدىڭىزلار؛ ساقلىسىلا؛ ساقلىغاي، ساقلىغايلا؛ ساقلىساڭ، ساقلىساڭلار؛ ساقلىسىڭىز، ساقلىسىڭىزلار. . . .

ئوڭلا_ ئوڭلاڭ، ئوڭلاڭلار؛ئوڭلىدىڭ، ئوڭلىدىڭلار؛ئوڭلىدىڭىز، ئوڭلىدىڭىزلار؛ئوڭلىسىلا

ئوڭلىغاي، ئوڭلىغايلا؛ئوڭلىساڭ، ئوڭلىساڭلار، ئوڭلىسىڭىز، ئوڭلىسىڭىزلار. . . .

(2)تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىللار ۋە ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا بۇيرۇق-تەلەپ رايى، خالاش رايى، شەرت رايى، ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئۆتكەن

ئەمەس> ، كەل-كەلدۇق<كەلدۇك ئەمەس> ، كۆزەت-كۆزەتتۇق

<كۆزەتتۇك ئەمەس>. . . )بىلەن بۇيرۇق-تەلەپ رايى ئۈچىنچى شەخس( مەسىلەن: ئەت-ئەتسۇن<ئەتسۇن ئەمەس> ، كەل-كەلسۇن<كەلسۇن ئەمەس> ، كۆزەت-كۆزەتسۇن<كۆزەتسۇن ئەمەس>. . . )تىن باشقىلىرىدا، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەت_ئېتىڭ، ئېتىڭلەر؛ئېتىڭىز، ئېتىڭىزلەر؛ئەتتىڭ، ئەتتىڭلەر؛ئەتتىڭىز، ئەتتىڭىزلەر؛ئەتتۇق؛ئەتسىلە؛ئەتكەيلە؛ئەتسۇن؛ئەتسەڭ ، ئەتسەڭلەر، ئەتسىڭىزلەر. . .

كۆل_ كۆلۈڭ، كۆلۈڭلەر؛كۆلىڭىز، كۆلىڭىزلەر؛كۆلدۈڭ ، كۆلدۈڭلەر؛كۆلدىڭىز، كۆلدىڭىزلەر؛ كۆلدۇق؛كۆلسىلە؛كۆلگەيلە؛كۆلسۇن، كۆلسەڭ، كۆلسەڭلەر؛كۆلسىڭىز، كۆلسىڭىزلەر، . . . .

ئىشلە_ ئىشلەڭ، ئىشلەڭلەر، ئىشلىڭىز، ئىشلىڭىزلەر؛ئىشلىدىڭىز، ئىشلىدىڭلەر؛ئىشلىدىڭىز، ئىشلىدىڭىزلەر؛ئىشلىدۇق؛ئىشلىسىلە؛ئىشلىگەي، ئىشلىگەيلە؛ئىشلىسۇن، ئىشلىسەڭ، ئىشلىسەڭلەر؛ئىشلىسىڭىز، ئىشلىسىڭىزلەر. . . .

يۆكلە_ يۆكلەڭ، يۆكلەڭلەر؛يۆكلىڭىز، يۆكلىڭىزلەر؛يۆكلىدىڭ، يۆكلىدىڭلەر؛يۆكلىدىڭىز، يۆكلىدىڭىزلەر؛يۆكلىدۇق؛يۆكلىسىلە؛يۆكلىگەي، يۆكلىگەيلە؛يۆكلىسۇن؛يۆكلىسەڭ، يۆكلىسەڭلەر، يۆكلىسىڭىز، يۆكلىسىڭىزلەر. . . .

ئەسكەرتىش:تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق پېئىللار ۋە ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا بۇيرۇق-تەلەپ رايى، خالاش رايى، شەرت رايى، ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، بۇيرۇق-تەلەپ رايى ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرىنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۈچۈن "-ڭلەر، -ىڭلەر، -ۈڭلەر"، سىپايە تۈرىنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۈچۈن"-ڭىزلەر،

-ىڭىزلەر" ۋە خالاش رايى ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۈچۈن"-كەي/گەي+لە=كەيلە/گەيلە"قوللىنىلىپ، يىلتىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىدۇ.

2)ئارا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى

ئارا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا قوشۇمچىلار تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە ئۇلىنىدۇ:

(1)بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە"خ، غ، ق"تاۋۇشلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى "ئې"، "ئى" تاۋۇشلىرى تىل ئارقىغا مايىل بولغانلىقتىن، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكلى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

خىش_ خىشتا، خىشقا، خىشلار، خىشلىق. . . .

بىخ_ بىخقا، بىختا، بىخلار. . . . . .

خىزىر_خىزىردا، خىزىرغا، خىزىرلىق. . . . . . . .

پىخسىق_پىخسىقتا، پىخسىققا، پىخسىقلىق. . . .

خىل_ خىللا، خىلغا، خىلدا، خىللىق. . . .

تىغ_ تىغدا، تىغقا، تىغلىق. . . .

قىغ_ قىغدا، قىغقا، قىغلار، قىغلىق. . . .

زىغىر_ زىغىردا، زىغىرغا، زىغىرلار، زىغىرلىق. .

چىغرىق_ چىغرىقتا، چىغرىققا، چىغرىقلار، چىغرىقلىق. . . .

، غېرىچقا، غېرىچتا، غېرىچلىق. . . .

قىر_ قىردا، قىرغا، قىرلار، قىرلىق. . . . . . .

قىش_ قىشتا، قىشقا، قىشلار، قىشلىق. . . . . .

قىلىچ_ قىلىچتا، قىلىچقا، قىلىچلار، قىلىچلىق. . . . . .

ئىسسىق_ ئىسسىقتا، ئىسسىققا، ئىسسىقلىق. . . .

قىس_ قىستۇر، قىسقان، قىسسا، قىسسۇن، قىسىڭلار. . . . .

قىل_ قىلدۇر، قىلغان، قىلسا، قىلسۇن، قىلىڭلار. . . . .

(2)بۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە "ك، گ"تاۋۇشلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى "ئې"، "ئى" تاۋۇشلىرى ئاساسەن تىل ئالدىغا مايىل بولغانلىقتىن، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

كىر_ كىرگە، كىرلەر، كىرلىك. . . . . .

كىم_ كىمدە، كىملەر، كىمگە، كىملىك. . . . .

كېيىم _ كېيىمدە، كېيىمگە، كېيىملەر، كېيىملىك

كىرپىك_كىرپىكتە، كىرپىككە، كىرپىكلەر، كىرپىكلىك. . . . .

كېيى_ كېيدۇر، كېيگەن، كېيسە، كېيسۇن، كېيىڭلار. . . .

كىچىكلە_ كىچىكلىگەن، كىچىكلىسە، كىچىكلىسۇن، كىچىكلەڭ. . . .

ئېگىر_ ئېگىردە، ئېگىرگە، ئېگىرلەر، ئېگىرلىك. . . . .

ئېگىز_ئېگىزگە، ئېگىزدە، ئېگىزلەر، ئېگىزلىك. . . . .

ئېگىزلە_ ئېگىزلىگەن، ئېگىزلىسە، ئېگىزلەڭ، ئېگىزلەڭلەر. . . . .

ئەسكەرتىش:تەركىبىدە "ك، گ"ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بولغان بىر قىسىم چەتتىن كىرگەن سۆزلەر يۇقىرىدىكى قائىدىلەرگە بويسۇنمايدۇ. ئۇلارغا قوشۇمچە قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، تىل ئارقا ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

كىلوۋىن_ كىلوۋىنلىق، كىدىر_ كىدىرلىق، گىپىس_گىپىسقا، گىپىستا، گىرتىس-گىرتىسلىق

(3) تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە"ك، گ"ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بولمىسىمۇ، بۇ سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇلاردىكى "ئې"، "ئى" سوزۇق تاۋۇشلىرى

ئۆزىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشقا مايىل بولغاچقا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز_ بىزدە، بىزگە، بىزلەر. . .

سىز_ سىزگە، سىزدە، سىزلەر. . . .

بىر بىردە، بىرگە، بىرلەر. . . . .

ھىم_ھىملىمەك

تېز_ تېزلەشمەك

بىل_ بىلدۇر، بىلگەن، بىلسە، بىلىڭلەر. . . .

مىن_ مىندۇر، مىنگەن، مىنسە، مىنىڭلەر. . . .

سىڭ_ سىڭدۇر، سىڭسە، سىڭگەن،

ئىچ_ئىچكۈز، ئىچكەن، ئىچسە، ئىچىڭلەر

ئىلىم_ ئىلىمدە، ئىلىمگە، ئىلىملەر، ئىلىملىك

بىلىم_ بىلىمدە، بىلىمگە، بىلىملەر، بىلىملىك. . .

جىددىي_ جىددىيلەشمەك، جىددىيلىك

نىسپىي_نىسپىيلەشتۈرۈش، نىسپىيلىك

ئىۋى_ ئىۋىدى، ئىۋىگەن، ئىۋىت، ئىۋىتكەن، ئىۋىتسە، ئىۋىتسۇن، ئىۋىتكىلى، ئىۋىتىڭلەر

يىمىر_ يىمىرگۈز، يىمىرگەن، يىمىرسە، يىمىرسۇن، يىمىرىڭلەر. . . .

ئىنتىل_ ئىنتىلدۇر، ئىنتىلگەن، ئىنتىلسە، ئىنتىلسۇن، ئىنتىلىڭلەر. . . .

چىرى_ چىرىدى، چىرىگەن، چىرىسۇن، چىرىت، چىرىتكەن، چىرىتسە، چىرتسۇن، چىرىتكىلى، چىرىتىڭلەر. . . . .

بىهى_ بىھىدە، بىھىگە، بىھىلەر، بىھىلىك. . .

سېھىر_ سېھىردە، سىھىرگە، سىھىرلىك

ئېڭىش_ ئېڭىشتۇر، ئېڭىشكەن، ئېڭىشسە، ئېڭىشسۇن، ئېڭىشڭلەر. . . . . . .

(4)سوزۇق تاۋۇش "ئى" بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق"چىش، ئىز، ئىش"سۆزلىرى ئەگەر ئىسىم ھالىتىدە گىرراماتىكىلىق تۈرلىنىشكە كىرسە، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلەردىن پېئىل ياسىلىپ، پېئىل ھالىتىدە تۈرلەنسە، ئۇ ھالدا قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسلەن:

ئىسىم ھالىتىدە:

چىش_ چىشتا، چىشقا، چىشلار، چىشلىق. . . .

پېئىل ھالىتىدە:

چىشلە_چىشلىگەن، چىشلىسە، چىشلىدۇق، چىشلەڭ، چىشلەڭلەر، چىشلىگەي، چىشلىگىلى. .

ئىسىم ھالىتىدە:

ئىز:ئىزدا، ئىزغا، ئىزلار. . . . . .

پېئىل ھالىتىدە:

ئىزلە_ئىزلىگەن، ئىزلىسە، ئىزلىسۇن، ئىزلىدۇق، ئىزلەڭ، ئىزلەڭلەر، ئىزلىگەي، ئىزلىگىلى. . .

ئىسىم ھالىتىدە:

ئىش_ئىشتا، ئىشقا، ئىشلار. . .

پېئىل ھالىتىدە:

ئىشلە_ ئىشلىگەن، ئىشلىسە، ئىشلىسۇن، ئىشلىدۇق، ئىشلەڭ، ئىشلەڭلەر، ئىشلىگەي، ئىشلىگىلى. . .

(5)"ئى"بىلەن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى بىر بوغۇملۇق پېئىللار تۈرلەنگەندە ياكى ئۇلاردىن ئىسىم ياسالغاندا ئەھۋال باشقىچىرەك بولۇپ، بۇ پېئىللاردىن ياسالغان سۆزلەرنىڭ خاراكتىرىغا قاراپ، تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىل_ئىلمەك(ئىسىم)، ئىلماق(پېئىل)، ئىلغۇر، ئىلغان، ئىلسا. . . .

تىز_ تىزىق(ئىسىم)، تىزىم، تىزىملىك(ئىسىم)، تىزماق(پېئىل)، تىزغان، تىزسا. . . .

(6)ئاخىرقى بوغۇمىدا ئارا سوزۇق تاۋۇش "ئې، ئى"بولغان كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆز ۋە پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر ئارا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئانسامبىل_ئانسامبىلدا، ئانسامبىلغا، ئانسامبىللىق؛ئانسامبىلىڭ، ئانسامبىلىڭلار؛ ئانسامبىلىڭىز، ئانسامبىلىڭىزلار. . . . .

سەلبىي_سەلبىيلەشمەك، سەلبىيلىك

تەقدىر_تەقدىردە، تەقدىرگە:تەقدىرلەر، تەقدىرىڭ، تەقدىرىڭلەر، تەقدىرىڭىز، تەقدىرىڭىزلەر. . . . .

قەبىھ _ قەبىھلىك، قەبىھلەشمەك. . . .

مۇئەللىم_ مۇئەللىمدە، مۇئەللىمگە، مۇئەللىملەر، مۇئەللىملىك؛مۇئەللىمىڭ، مۇئەللىمىڭلەر، مۇئەللىمىڭىز، مۇئەللىمىڭىزلەر. . . .

سۈلھى_ سۈلھىدە، سۈلھىگە، سۈلھىلەر، سۈلھىلىك:سۈلھىڭ، سۈلھىڭلەر، سۈلھىڭىز، سۈلھىڭىزلەر. . .

ئىسسى_ ئىسسىق، ئىسسىقلىق؛ئىسسىڭ، ئىسسىڭلار؛ئىسسىدىڭ، ئىسسىدىڭلار، ئىسسىدىڭىز؛ئىسسىدىڭىزلار؛ئىسسىسۇن؛ئىسسىدۇق، ئىسسىسلا؛ئىسسىغاي،

ئىسسىغايلا؛ئىسسىساڭ، ئىسسىساڭلار، ئىسسىسىڭىز، ئىسسىسىڭىزلار. . . .

قىدىر_قىدىرىڭ، قىدىرىڭلار؛قىدىردىڭىز، قىدىردىڭىزلار؛قىدىردىڭ، قىدىردىڭلار؛ قىدىردىڭىز، قىدىردىڭىزلار؛قىدىرسۇن؛قىدىردۇق:قىدىرسىلا؛قىدىرغاي، قىدىرغايلا؛ قىدىرساڭ، قىدىرساڭلار؛قىدىرسىڭىز، قىدىرسىڭىزلار. . .

سىلجىڭ_سىلجىڭ، سىلجىڭلار؛سىلجىڭىز، سىلجىڭىزلار؛سىلجىدىڭ، سىلجىدىڭلار؛ سىلجىدىڭىز، سىلجىدىڭىزلار؛سىلجىسۇن؛سىلجىدۇق؛سىلجىسىلا؛سىلجىغاي، سىلجىغايلا؛ سىلجىساڭ، سىلجىساڭلار؛سىلجىسىڭىز، سىلجىسىڭىزلار. . . .

بېكى_بېكىڭ، بېكىڭلەر؛بېكىڭىز، بېكىڭىزلەر؛بېكىدىڭ، بېكىدىڭلەر؛بېكىدىڭىز، بېكىدىڭىزلەر؛بېكىسۇن؛بېكىدۇق؛بېكىسىلە؛بېكىگەي، بېكىگەيلە؛بېكىسەڭ، بېكىسەڭلەر؛بېكىسىڭىز، بېكىسىڭىزلەر. . . .

ئىنتىل_ ئىنتىلمە؛ئىنتىلدىڭ، ئىنتىلىڭلەر، ئىنتىلىڭىز، ئىنتىلىڭىزلەر، ئىنتىلدىڭ، ئىنتىلدىڭلەر؛ئىنتىلدىڭىز، ئىنتىلدىڭىزلەر؛ئىنتىلسۇن؛ئىنتىلدۇق؛ئىنتىلسە؛ئىنتىلگەي، ئىنتىلگەيلە؛ئىنتىلسەڭ، ئىنتىلسەڭلەر؛ئىنتىلسىڭىز، ئىنتىلسىڭىزلەر. . . .

ئېڭىش_ ئېڭىشىڭ، ئېڭىشىڭلەر؛ئېڭىشىڭىز، ئېڭىشىڭىزلەر؛ئېڭىشدىڭ، ئېڭىشدىڭلەر؛ ئېڭىشدىڭىز، ئېڭىشدىڭىزلەر؛ئېڭىشسۇن؛ئېڭىشتۇق؛ئېڭىشسىلە؛ئېڭىشكەي؛ ئېڭىشكەيلە؛ئېڭىشسەڭ، ئېڭىشسەڭلەر، ئېڭىشسىڭىزلەر. . . . . . .

(7)تەركىبىدە ئارا سوزۇق تاۋۇش بولغان تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا"ق، غ" تاۋۇشلىرى كەلسە، "-لىق، -لىك"قوشۇمچىلىرىنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى بولغان"لىق" شەكلى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مۇستەقىل+لىق=مۇستەقىللىق ،

ئەقىل+لىق=ئاقىللىق، مەنتىق+لىق=مەنتىقلىق

(8)تەركىبىدە ئارا سوزۇق تاۋۇش بولغان، "غ، ق"بىلەن تۈزۈلگەن پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىرغى_ ئىرغىغان، ئىرغىسا، ئىرغىسۇن، ئىرغىك، ئىرغىگلار، ئىرغىگىز، ئىرغىگىزلار، ئىرغىغاي، ئىرغىغايلا، ئىرغىدىڭ، ئىرغىدىڭلار. . . .

سىرغى_ سىرغىغان، سىرغىسا، سىرغىسۇن، سىرغىك، سىرغىگلار، سىرغىگىز، سىرغىگىزلار، سىرغىغاي، سىرغىغايلا، سىرغىدىڭ، سىرغىدىڭلار. . . .

يىقىل_ يىقىلغان، يىقىلسا، يىقىلسۇن، يىقىلدۇق، يىقىلىك، يىقىلىگلار؛يىقىلىگىز، يىقىلىگىزلار؛ يىقىلغاي، يىقىلغايلا، يىقىلدىڭ، يىقىلدىڭلار. . . . .

مىشقىر_ مىشقىرغان، مىشقىرسا، مىشقىرسۇن، مىشقىردۇق، مىشقىرىگلار، مىشقىرىگىز، مىشقىرىگىزلار، مىشقىرغاي، مىشقىرغايلا، مىشقىردىڭ، مىشقىردىڭلار. . . . .

(9)باش بوغۇمدىكى"ئا" ياكى"ئە"تاۋۇشلىرى تىل تەرەققىياتى جەريانىدا فونتېكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، "ئې"غا نۆۋەتلىشىش نەتىجىسىدە، تارىخي جەھەتتىن تۇراقلىشىپ كەتكەن سۆزلەرنىڭ ئەسلي ھالىتى ئاساس قىلىنىپ(ئەسلي سۆزنىڭ باش بوغۇمى "ئا" ياكى "ئە"بولغانلىقىغا قاراپ)تۇرۇپ، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا ياكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سېسىق(سارسىق)_ سېسىقتا، سېسىققا، سېسىقلىق. . .

يېقىن (ياقىن)_ يېقىندا، يېقىنغا، يېقىنلىق. . .

قېلىن(قالىن)_ قېلىنغا، قېلىندا، قېلىنلىق

ئېغىر(ئاغىر)_ ئېغىرلىق، ئېغىردا، ئېغىرغا

بېلىق(بالىق)_ بېلىقتا، بېلىققا، بېلىقلار. . . .

قېنىق(قانىق)قېنىقلىق. . . .

ئېنىق(ئانىق)-ئېنىقلىق

سېرىق(سارىغ)_سېرىقتا، سېرىققا، سېرىقلىق. . .

ئېتىز(ئاتىز)_ئېتىزدا، ئېتىزغا، ئېتىزلار. . . .

سېغىز(ساغىز) سېغىزدا، سېغىزغا، سېغىزلار. . . .

ھېكىم(ھەكىم) _ ھېكىمدە، ھېكىمگە، ھېكىملەر، ھېكىملىك. .

كېپىش(كەپىش)_كېپىشتە، كېپىشكە، كېپىشلەر، كېپىشلىك. . . .

شېھىت(شەھىت)_شېھىتلەر، شېھىتكە، شېھىتلىك. . .

يېمىش(يەمىش)_يېمىشتە، يېمىشكە، يېمىشلەر، يېمىشلىك. . . . .

ئەمما، "پېقىر، تېۋىپ، دېڭىز، سېمىز، مېيىپ، ئېجىل، يېلىم"قاتارلىق سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى "ئە"تاۋۇشى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا "ئې"غا ئايلانغان بولسىمۇ، ھازىرقى ئىستىمالىمىزدا بۇ سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسلەن:

پېقىر_پېقىردا، پېقىرغا، پېقىرلىق

تېۋىپ_تېۋىپتا، تېۋىپقا، تېۋىپلار، تېۋىپلىق. . . .

دېڭىز_ دېڭىزدا، دېڭىزغا، دېڭىزلار. . .

خېمىر_خېمىردا، خېمىرغا، خېمىرلار، خېمىرلىق. . . .

زېمىن_زېمىندا، زېمىنغا، زېمىنلار، زېمىنلىق. . . .

سېمىز_سېمىزغا، سېمىزدا، سېمىزلار، سېمىزلىق. . . . .

يېلىم_يېلىمدا، يېلىمغا، يېلىملار، يېلىملىق. . . .

ئەسكەرتىش:يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە زىت ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئادەتلەنگىنىمىز بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز.

(10) تەركىبىدە "ئا" ياكى"ئە" بولغان بىر بوغۇملۇق پېئىللاردىن ياسالغان تۈرغۈن

سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئەسلي پېئىل ھالىتىنى ئاساس قىلىپ قوشۇلىدۇ. يەنى، تۈپ پېئىل تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش "ئا" بىلەن تۈزۈلگەن بولسا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا ۋارىيانتى، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش"ئە"بىلەن تۈزۈلگەن بولسا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئېقىن(ئاق)_ئېقىندا، ئېقىنغا، ئېقىنلار، ئېقىنلىق. . . . .

يېغىن(ياغ)_ يېغىندا، يېغىنغا، يېغىنلار، يېغىنلىق. . . .

بېسىم(باس)_ بېسىمدا، بېسىمغا، بېسىملار، بېسىملىق. . . . . .

كېسىم(كەس)_ كېسىمدە، كېسىمگە، كېسىملەر، كېسىملىك. . . . .

تېپىن(تەپ)_تېپىندە، تېپىنگە. .

كېچىك(كەچ)_ كېچىكتە، كېچىككە، كېچىكلەر، كېچىكلىك. . .

كېلىن(كەل)_كېلىندە، كېلىنگە، كېلىنلەر، كېلىنلىك. . . .

3) "-چە" بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

"-چە" بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈرلىنىشكە كىرىدىغانلىرىنىڭ ئىملاسى تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە يېزىلىدۇ:

(1)"-چە" بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە كېلىش،

كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، "-چە"نىڭ ئالدىدىكى بوغۇم ئاساس قىلىنىدۇ. يەنى، "-چە"نىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، قوشۇمچىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرۇكچە_ تۇرۇكچىدە، تۇرۇكچىگە، تۇرۇكچىلەپ، تۇرۇكچەڭ، تۇرۇكچەڭلەر، تۇرۇكچىڭىز، تۇرۇكچىڭىزلەر

تەكچە_تەكچىدە، تەكچىگە، تەكچىلەر، تەكچەڭ، تەكچەڭلەر، تەكچىڭىز، تەكچىڭىزلەر

ئۈنچە_ ئۈنچىدە، ئۈنچىگە، ئۈنچىلەر، ئۈنچەڭ، ئۈنچەڭلەر، ئۈنچىڭىز، ئۈنچىڭىزلەر
پارچە_ پارچىدا، پارچىغا، پارچىلار، پارچىڭىز، پارچىڭىزلار، پارچىلا. . . .
تامچە_ تامچىدا، تامچىغا، تامچىلار، تامچىلاپ. . . .
غۇنچە_ غۇنچىدا، غۇنچىغا، غۇنچىلار، غۇنچەڭ، غۇنچەڭلەر، غۇنچىڭىز، غۇنچىڭىزلەر، غۇنچىلا. . . .
(2)"-چە"نىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش"ئې، ئى"لار بولغان سۆزلەرگە كېلىش، كۆپلۈك ۋە تەۋەلىك ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئەگەر ئۇلارنىڭ تەركىبىدە "خ، غ، ق"تاۋۇشلىرى بولسا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى، "خ، غ، ق"تاۋۇشلىرىدىن باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلار بولسا، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكلى ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:
زىخچە_ زىخچىدا، زىخچىغا، زىخچىلار، زىخچەڭ، زىخچەڭلار، زىخچىڭىز، زىخچىڭىزلار
قىزغىزچە_ قىزغىزچىدا، قىرغىزچىغا، قىرغىزچىلاپ، قىرغىزچەڭ، قىرغىزچەڭلار، قىرغىزچىڭىز، قىزغىزچىڭىزلار
تىزىقچە_ تىزىقچىدا، تىزىقچىغا، تىزىقچىلار، تىزىقچەڭ، تىزىقچەڭلار، تىزىقچىڭىز، تىزىقچىڭىزلار
ئىنگىلىزچە_ ئىنگىلىزچىدە، ئىنگىلىزچىگە، ئىنگىلىزچىلەپ، ئىنگىلىزچەڭ، ئىنگىلىزچەڭلار، ئىنگىلىزچىڭىز، ئىنگىلىزچىڭىزلار
نېمىسچە_ نېمىسچىدە، نېمىسچىگە، نېمىسچىلەپ، نېمىسچەڭ، نېمىسچەڭلەر، نېمىسچىڭىز، نېمىسچىڭىزلەر
4)سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقى
(1) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا، شۇنىڭدەك ئاخىرقى بوغۇملىرىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ

بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قول_ قولۇم، قولۇڭ، قوللۇق

تۇز_تۇزۇم، تۇزۇڭ، تۇزلۇق

سۆز_سۆزۈم، سۆزۈڭ، سۆزلۈك

يۈز_يۈزۈم، يۈزۈڭ، يۈزلۈك

قۇلۇپ_ قۇلۇپۇم، قۇلۇپۇڭ، قۇلۇپلۇق

تۇلۇق_ تۇلۇقۇم، تۇلۇقۇڭ، تۇلۇقلۇق

ئاچ_ ئاچقۇچ، ئاچقۇچۇم، ئاچقۇچۇڭ، ئاچقۇچلۇق

تەپ_تەپكۈچ، تەپكۈچۈڭ، تەپكۈچۈم

سۈز_ سۈزگۈچ، سۈزگۈچۈم، سۈزگۈچۈڭ، سۈزدۈم، سۈزسۈن، سۈزدۈق، سۈزۈڭ، سۈزۈش، سۈزۈل. .

تۈز_تۈزۈم، تۈزدۈم، تۈزۈڭ، تۈزسۇن، تۈزدۇق، تۈزۈڭ، تۈزۈش، تۈزۈل، تۈزۈلۈش. . .

يولۇق_يولۇقتۇم، يولۇقتۇڭ، يولۇقسۇن، يولۇقتۇق، يۇلۇقۇش، يولۇقۇپ. . . .

ئوقۇ_ ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇڭ، ئوقۇسۇن، ئوقۇدۇق، ئوقۇش، ئوقۇشلۇق. . . .

ئەسكەرتىش:

(1)لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوپزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە"ئا"بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كيىن ئۇلارنىڭ ئايغىغا يەنە قوشۇمچە قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، مەزكۇر "ئا"لىق بوغۇم ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا ياكى ئالدىنقى بوغۇمى لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن، كيىنكى بوغۇمى"ئا"بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كيىن مەزكۇر "ئا"لىق بوغۇم ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، بۇ سۆزلەردىكى "ئا"تاۋۇشى

ئۆزەكتىكى لەۋلەشكەن تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش قانۇنى بويىچە"ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

قول+لان-+ىش=قوللىنىش(قوللۇنۇش ئەمەس)

قول +لار+ىم=قوللىرىم(قوللۇرۇم ئەمەس)

قۇلۇپ+لار+ىم=قۇلۇپلىرىم(قۇلۇپلۇرۇم ئەمەس)

سورا_سورىماق، سورىسا(سورۇماق، سورۇسا ئەمەس)

دورا_دورىماق، دورىسا(دورۇماق، دورۇسا ئەمەس)

(2) لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە"ئە"بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئايىغىغا يەنە قوشۇمچە قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، مەزكۇر "ئە"لىك بوغۇم ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا ياكى ئالدىنقى بوغۇمى لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن، كىيىنكى بوغۇمى"ئە"بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر "ئە"لىك بوغۇم ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، بۇ سۆزلەردىكى "ئە"تاۋۇشى ئۆزەكتىكى لەۋلەشكەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىش قانۇنى بويىچە"ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

يۈز+ لەن-+ىش=يۈزلىنىش (يۈزلۈنۈش ئەمەس)

ئۆزۈك+لەر+ىم=ئۆزۈكلىرىم(ئۆزۈكلۈرۈم ئەمەس)

يۆگە-يۆگىمەك، يۆگىسە(يۆگۈمەك، يۆگۈسە ئەمەس)

سۆرە_سۆرىمەك، سۆرىسە(سۆرۈمەك، سۆرۈسە ئەمەس)

(3)لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا، شۇنىڭدەك ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆز ۋە پېئىللارغا قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق

ۋريانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

باغ_ باغلىق، بېغىم، بېغىڭ. . . .

تال_ تاللىق، تېلىڭ، تېلىم. . .

بەت_ بەتلىك، بېتىم، بېتىڭ. . .

ئەن_ ئەنلىك. . . .

يات_ ياتتىم، ياتتىڭ، يېتىڭ، ياتتۇق، ياتلىق. . .

تولا_ تولىلىق. . . .

تولغا_ تولغىدىم، تولغاڭ، تولغىسۇن، تولغىدۇق، تولغاق

III سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ئاساسەن ئۇچۇق بوغۇملاردىكى "ئا"، "ئە"نىڭ سەل ئېگىز سوزۇق تاۋۇش"ئې"ۋە ئېگىز سوزۇق تاۋۇش "ئى"غا نۆۋەتلىشىشىگە قارىتىلغان.

بۇنداق نۆۋەتلىشىش ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن ئېتىبارەن كۆرۈلۈۋاتقان فونېتىكىلىق ھادىسە بولۇپ، بۇ ھادىسە ئۇ دەۋىردە سۆزلەردە كۆپرەك ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالغان "ئە"نىڭ نۆۋەتلىشىشى بىلەن باشلانغان.

ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا"ئا"، "ئە" تاۋۇشى كەلگەن بوغۇمدىكى ئۇرغۇنىڭ سۆزنىڭ ئاخىردىكى بوغۇملىرىغا يۆتكىلىشى بارا-بارا "ئا" تاۋۇشىنىڭمۇ نۆۋەتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھازىرقى دەۋردە بۇ فونېتىكىلىق ھادىسە ئۇيغۇر تىلىنى باشقا تۈركىي تىللاردىن پەرقلەندۈردىغان ئالاھىدىلىك بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق

قائىدىلىرىگە بويسۇنۇپ كەتمىگەنلىرى، شۇنىڭدەك ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىغان خاس سۆزلەر ئىچىدىكى "ئا"ياكى"ئە"بىلەن كەلگەن بوغۇملىرىدىكى ئۇرغۇ يۆتكەلمىگەن سۆزلەر سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي قائىـدىگە بـوي سـۇنمايدۇ. شـۇڭا بـۇ قېـتىم ئىملاغـا مۇناسـىۋەتلىك مەسـىلىلەر قايتـا تەتقىـق قىلىـنىش ئـارقىلىق سـوزۇق تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە قائىدىلەر تۈزۈپ چىقىلدى:

1. ئاخىرقى بوغۇمى"ئە'بىلەن تۈزۈلگەن تۇرغۇن سۆزلەردە مەزكۇر "ئە" تاۋۇشـىنىڭ"ئې"غا ياكى"ئى"غا نۆەتلىشىش ۋە نۆۋەتلەشمەسلىك ئەھۋاللىرى

1)ئۇچۇق بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەردە

(1) نۆۋەتلىشىدىغانلىرى:

"ئە" تاۋۇشـى بىـلەن ئاياقلاشـقان ئۇچـۇق بوغۇملـۇق تۇرغـۇن سـۆزلەرگە قوشـۇمچىلار قوشۇلغاندا، "ئە"لىك بوغـۇم ئۇچـۇق بوغـۇم ھالىتـدە قېلىـپ، "ئە"تاۋۇشـىغا چۈشـكەن ئۇرغۇنـىڭ ئۆزىـدىن كىيىنكـى بوغۇمغـا كۆچۈشـى نەتىجىسىدە"ئە"تاۋۇشـى"ئى"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

پارە+سى=پارىسى

پەدە+سى=پەدىسى، پەدىدە، پەدىگە، پەدىلەر، پەدىلىك

پەللە+سى=پەللىسى، پەللىدە، پەللىگە، پەللىلىك

ئاغىنە+سى=ئاغىنىسى، ئاغىنىلەر، ئاغىنىلىك، ئاغىنىدارچىلىق

ئاھالە+سى=ئاھالىسى، ئاھالىدە، ئاھالىگە، ئاھالىلەر، ئاھالىلىك

ئالاقە+سى=ئالاقىسى، ئالاقىدە، ئالاقىگە، ئالاقىچى

مۇسابىقە+سى=مۇسابىقىسى، مۇسابىقىدە، مۇسابىقىگە، مۇسابىقىلەر

مۇندەرىجە+سى=مۇندەرىجىسى، مۇندەرىجىدە، مۇندەرىجىگە، مۇندەرىجىلىك

(2)نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى

(1) ئاخىرقى بوغۇمى"ئە"بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، گەرچە مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، "ئە"تاۋۇشىنىڭ ئۇرغۇسى ئاخىرقى بوغۇمغا يۆتكەلمىسە، ئۇرغۇسى يۆتكەلمىگەن بوغۇملاردىكى "ئە"تاۋۇشى نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىملاسىمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تەۋە+سى=تەۋەسى، تەۋەدە، تەۋەلىك

ساھە+سى=ساھەسى، ساھەدە، ساھەگە، ساھەلەر

قەھۋە+سى=قەھۋەسى، قەھۋەدە، قەھۋەگە، قەھۋەلىك

قۇرئە+سى=قۇرئەسى، قۇرئەگە، قۇرئەدە

شىرە+سى=شىرەسى، شىرەگە، شىرەدە، شىرەلەر، شىرەلىك

لەۋھە+سى=لەۋھەسى، لەۋھەدە، لەۋھەگە، لەۋھەلەر

قىتئە+سى=قىتئەسى، قىتئەگە، قىتئەلەر

كۈرە+سى=كۈرەسى، كۈرەگە، كۈرەدە

مەزە+سى=مەزەسى، مەزەدە، مەزەگە، مەزەلەر

مەۋقە+سى=مەۋقەسى، مەۋقەگە، مەۋقەدە

ۋاھە+سى=ۋاھەسى، ۋاھەدە، ۋاھەگە، ۋاھەلەر

ۋەقە+سى=ۋەقەسى، ۋەقەگە، ۋەقەدە، ۋەقەلەر

جۈمە+سى=جۈمەسى، جۈمەدە، جۈمەگە

پاجىئە+سى=پاجىئەسى، پاجىئەدە، پاجىئەگە، پاجىئەلەر، پاجىئەلىك

ئەسلىھە+سى=ئەسلىھەسى، ئەسلىھەدە، ئەسلىھەگە، ئەسلىھەلەر، ئەسلىھەلىك

پاتىھە+سى=پاتىھەسى، پاتىھەدە، پاتىھەگە

جامائە+سى=جامائەسى، جامائەدە، جامائەگە، جامائەلىك

مەتبەئە+سى=مەتبەئەسى، مەبەئەدە، مەتبەئەگە، مەتنەئەلىك

مەدرىسە+سى=مەدرىسەسى، مەدرىسەدە، مەدرىسەگە، مەدرىسەلەر

گۈلقەقە+سى=گۈلقەقەسى، گۈلقەقەلىرى

ئېلىپبە+سى=ئېلىپبەسى، ئېلىپبەدە، ئېلىپبەگە، ئېلىپبەلىك

مەجمۇئە+سى=مەجمۇئەسى، مەجمۇئەگە، مەجمۇئەلەر، مەجمۇئەدە

مۇداپىئە+سى=مۇداپىئەسى، مۇداپىئەدە، مۇداپىئەگە، مۇداپىئەلەر

مۇئەسسەسە+سى=مۇئەسسەسەسى، مۇئەسسەسەدە، مۇئەسسەسەگە، مۇئەسسەسەلەر

خالىدە_ خالىدەگە_خالىدەدە_خالىدەلەر_خالىدەنى

جەملە_ جەملەدە_جەملەرگە_جەملەنى

راھىلە_راھىلەگە_راھىلەدە_ راھىلەلەر

زەھىدە_زاھىدەگە_زاھىدەدە_زاھىدەلەر

(2)ئـاخىرقى بوغـۇمى"-يە"شـەكىلدە تـۈزۈلگەن كـۆپ بوغۇملـۇق تۇرغـۇن سـۆزلەرگە مۇناسـۋەتلىك قوشـۇمچىلار قوشـۇلغاندا، بوغـۇم ئاخىرىدىكى"ئە"تاۋۇشـى "ئـى"گە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئارمىيە_ئارمىيەسى_ئارمىيەگە_ئارمىيەدە

پارتىيە_پارتىيەسى_پارتىيەدە_پارتىيەگە

نەزەرىيە_نەزەرىيەسى_نەزەرىيەدە_نەزەرىيەگە_نەزەرىيەلەر

ياپۇنىيە_ياپۇنىيەدە_ياپۇنىيەگە_ياپۇنىيەلەر

ئالىيە_ئالىيەدە_ئالىيەگە، ئالىيەدە_ئالىيەلەر

رازىيە_رازىيەدە_رازىيەگە_رازىيەدىن_رازىيەلەر

2)يېپىق بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەردە

(1)نۆۋەتلىشىدىغانلىرى

① "ئە"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، "ئە"تاۋۇشى"ئې"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەپ+ى=ئېپى ئەت+ى=ئېتى بەز+ى=بېزى

ئەس+ى=ئېسى تەگ+ى=تېگى بەت+ى=بېتى

② ئاخىرقى بوغۇمى "ئە" بولغان، كۆپ بوغۇملۇق يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، "ئە"تاۋۇشى "ئى"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

دەرەخ+ى=دەرىخى ئەخلەت+ى=ئەخلىتى تەلەپ+ى=تەلىپى

سۆڭگەچ+ى=سۆڭگىچى شىكايەت+ى=شىكايىتى

③ پۇل مەنىسىدىكى"چەن"سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىش جەريانى ئۇزۇن بولغاچقا، بۇ سۆز ئۇيغۇرتىلىدا خەنزۇ تىلىدىكى قوشما سوزۇق تاۋۇشلۇق ھالىتىنى يوقىتىپ، يەككە سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ سۆز بىلەن ياسالغان سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە "ئە"تاۋۇشى "ئى"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

پۇڭچەن+ى=پۇڭچىنى موچەن+ى=موچىنى كويچەن+ى=كويچىنى

(2) نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى

① "ئە"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، سۆز يىلتىزىدىكى ئۇرغۇ ساقلانغانلىقتىن "ئە" تاۋۇشى 'ئى"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ۋەز+ى=ۋەزى بەش+ى=بەشى

كەش+ى=كەشى خەج+ى=خەجى

② "ئە"بىلەن تۈزۈلگەن، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق تۈرغۈن

سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، بوغۇم ئاخىرىدىكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى ئالدىنقى بوغۇمغا، كېيىنكىسى كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولۇپ، "ئە" لىك بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالغانلىقتىن، "ئە"تاۋۇشى "ئى" تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

كەنت+ى=كەنتى دەرد+ى=دەردى شەرت+ى=شەرتى

قەلب+ى=قەلبى قەست+ى=قەستى بەست+ى بەستى

③ ئەرەپ_ پارس تىللىرىدىن كىرگەن ئاخىرقى بوغۇمى"ئە"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بەزى كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، "ئە"تاۋۇشى ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتمىسا، "ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

مىجەز+ى=مىجەزى ئەرەب+ى=ئەرەبى نەسەب+ى=نەسەبى

④ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان "ia,ua"قوش سوزۇق تاۋۇشلۇق بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەردە، بۇ سوزۇق تاۋۇشلار خەنزۇ تىلىدىكى قوش سوزۇق تاۋۇشلۇق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن"ئە"تاۋۇشى ئىملادا"ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ليەن+ى=ليەنى لۇشيەن+ى=لۇشيەنى يۈەن+ى=يۈەنى

⑤ ئاخىرقى بوغۇمى"ئە"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر قىسىم كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، بەزىدە"ئە"تاۋۇشى "ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ، بەزىدە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنداق ئىككى خىللىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن "ئە" تاۋۇشى ئىملادا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مەسلىھەت+ى=مەسلىھەتى(مەسلىھىتى ئەمەس)

نەسىھەت+ى=نەسىھەتى(نەسىھىتى ئەمەس)

2. ئاخىرىقى بوغۇمى "ئە"بىلەن تۈزۈلگەن پېئىللاردا "مەزكۇر "ئە"تاۋۇشىنىڭ "ئې" ياكى "ئى"غا ئۆزگىرىشى ۋە ئۆزگەرمەسلىك ئەھۋاللىرى

1)ئۇچۇق بوغۇملۇق پېئىللاردا

(1)"ئە"تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللادىن پەقەت "دە" بىلەن "يە" پېئىلى بار بولۇپ، بۇ ئىككى پېئىلغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، "ئە" تاۋۇشى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، "ئې"غا ئۆزگىرىشىدۇ. مەسىلەن:

دە_دېدى، دېسۇن، دېدۇق، دېگەن، دېگىلى، دېسە، دېمەك، دېگەي، دېگۈلۈك، . . . . .

يە_ يېدى، يېسۇن، يېدۇق، يېگەن، يېگىلى، يېسە، يېمەك، يېگەي، يېگۈلۈك

ئەگەر بۇ "ئە تاۋۇشى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالمىسا، "ئې"غا ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

دە-دەپ، دەڭ، دەڭلەر، دەيلى، دەيدىغان. . . . .

يە_ يەپ، يەڭ، يەڭلەر، يەيلى، يەيدىغان. . . .

(2) ئاخىرقى بوغۇمى "ئە" بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ "ئە"تاۋۇشى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، "ئى"غا ئۆزگىرىشىدۇ. مەسىلەن:

چەيلە_چەيلىدى، چەيلىسۇن، چەيلىدۇق، چەيلىگەن، چەيلىسە

يۆكلە_يۆكلىدۇق، يۆكلىسۇن، يۆكلىدى، يۆكلىگەن، يۆكلىسە. . . .

بېزە_بېزىدى، بېزىسۇن، بېزىدۇق، بېزىگەن، بېزىسە. . . . .

بىلە_بىلىدى، بىلىسۇن، بىلىدۇق، بىلىگەن، بىلىسە. . . .

ئەگەر بۇ خىلدىكى پېئىللاردا "ئە"تاۋۇشى يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولسا"ئى"غا ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

چەيلە_ چەيلەپ، چەيلەڭلەر، چەيلەيلى، چەيلەكلىك

يۆكلە_يۆكلەپ، يۆكلەگىلەر، يۆكلەيلى، يۆكلەكلىك

بىزە_ بىزەپ، بىزەگىلەر، بىزەيلى، بىزەكلىك. . .

بىلە_بىلەپ، بىلەگىلەر، بىلەيلى، بىلەكلىك. . . .

2) يېپىق بوغۇملۇق پېئىللاردا

(1)"ئە"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، "ئە"تاۋۇشى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، "ئې" غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

كەل_ كېلىپ، كېلىڭ، كېلىگىلەر، كېلەيلى، كېلىدۇ، كېلىدىكەن. . .

يەش_ يېشىپ، يېشىڭ، يېشىگىلەر، يېشەيلى، يېشىدۇ، يېشىدىكەن. . . .

ئەگەر "ئە"تاۋۇشى يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولسا، "ئې"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

كەل_ كەلسە، كەلسۇن، كەلدۇق، كەلگەن، كەلگەي، كەلتۈر، كەلگۈلۈك. . .

يەش_ يەشسە، يەشسۇن، يەشتۇق، يەشكەن، يەشكەي، يەشتۈر، يەشكۈلۈك. . .

(2)ئاخىرقى بوغۇمى "ئە"بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، "ئە"تاۋۇشى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، "ئى"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

مىنگەش_مىنگىشىپ، مىنگىشىگىلەر. . . .

مۆكچەي_مۆكچىيىپ، مۆكچىيىگىلەر. . . .

ئەگەر"ئە"بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولسا، "ئە"تاۋۇشى "ئى" غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

مىنگەش_ مىنگەشسە، مىنگەشكەن، مىنگەشسۇن، مىنگەشتۇق، مىنگەشكەي. . . .

مۆكچەي_ مۆكچەيسە، مۆكچەيگەن، مۆكچەيسۇن، مۆكچەيدۇق، مۆكچەيگەك

3. ئاخىرقى بوغۇمى "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن تۇرغۇن سۆزلەردە مەزكۇر "ئا" تاۋۇشىنىڭ "ئې" ياكى "ئى"غا نۆۋەتلىشىش ۋە نۆۋەتلەشمەسلىك ئەھۋاللىرى

1)ئۇچۇق بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەردە

(1)نۆۋەتلىشىدىغانلىرى

①"ئا" تاۋۇشى بىلەن ئاياقلاشقان ئۇچۇق بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا"ئا"تاۋۇشىغا چۈشكەن ئۇرغۇنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا كۆچۈشى نەتىجىسىدە"ئا"تاۋۇشى"ئى"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئاتا_ئاتىسى، ئاتىلىق، ئاتىدا، ئاتىغا، ئاتىلار. . .

ياقا_ياقىسى، ياقىدا، ياقىغا، ياقىلار، ياقىلىق

ئارغامچا- ئارغامچىسى، ئارغامچىلىق، ئارغامچىغا، ئارغامچىدا، ئارغامچىلار

تاپانچا_تاپانچىسى، تاپانچىلىق، تاپانچىدا، تاپانچىغا، تاپانچىلار. . . . . . .

شاقىراتما_ شاقىراتمىسى، شاقىراتمىلىق، شاقىراتمىلىق، شاقىراتمىغا، شاقىراتمىدا

②ئاخىرقى بوغۇمى"ئا"بىلەن تۈزۈلگەن ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى بەزى كۆپ بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ"ئا"تاۋۇشى بەزىدە"ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرلسە، بەزىدە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنداق ئىككى خىللىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى "ئا" تاۋۇشى ئىملادا "ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مولىكۇلا_ مولىكۇلاسى(مولىكۇلىسى ئەمەس)

پىلانىتا_ پىلانىتاسى(پىلانىتىسى ئەمەس)

راكېتا_راكېتاسى(راكېتىسى ئەمەس)

فورمۇلا_فورمۇلاسى(فورمىلىسى ئەمەس)

چېگرا_چېگراسى(چېگرىسى ئەمەس)

(2)نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى

① "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن "يا، جا"قاتارلىق بىر بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، "ئا"تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكىلەلمىگەنلىكتىن، "ئې"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

يا_ياسى، ياغا، تاغا، يادىن، يالار. . .

جا_ جاسى، جاغا، جادىن، جالىرى

② ، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋرۇپا تىللىرىدىن كىرگەن ئاخىرقى بوغۇمى "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى كۆپ بوغۇملۇق بەزى تۇرغۇن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ "ئا" تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ يۆتكەلمىگەچكە، "ئې"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ساپا_ساپاسى، ساپالىق. . . .

سادا_ساداسى، ساداغا. . . .

ھاۋا_ھاۋاسى، ھاۋاغا. . .

ئەۋلىيا_ئاۋلىياسى، ئەۋلىيالىق، ئەۋلىيادا. . .

ئوپېرا_ئوپېراسى، ئوپېرادا، ئوپېرالىق. . .

ئىلتىجا_ ئىلتىجاسى، ئىلتىجالىق. . .

ئاتموسفېرا_ئاتموسفېراسى، ئاتموسفېراغا، ئاتموسفېرادا. . . .

خىروموسوما_خىروموسوماسى، خىروموسۇمادا، خىروموسۇمالىق. . . . .

③ تۆۋەندىكىدەك شەكىلداش سۆزلەرنىڭ ئىملاسى مۇنداق يېزىلىدۇ:

پاپا(رىم پاپاسى)_پاپاسى، پاپادا، پاپاغا، پاپالىق. . . .

پاپا(پاكار)_ پاپىسى، پاپىدا، پاپىغا، پاپىلىق، پاپىلار. . . .

بالا(بالايى ئاپەت)_بالاسى، بالادا، بالاغا، بالالىق. . . .

بالا(پەرزەنت)_ بالىسى، بالىدا، بالىغا، بالىلىق، بالىلار. . . .

2)يېپىق بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەردە

(1)نۆۋەتلىشىدىغانلىرى

① "ئا"بىلەن تۈ زۈلگەن يېپىق بوغۇم هالىتىدىكى، بىر بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، "ئا"تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلگەنلىكتىن، "ئې"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| داپ_ دېپى | ساپ_سېپى | قاپ_قېپى | لاپ_لېپى |
| ئات_ئېتى | دات_دېتى | قات_قېتى | يات_يېتى |
| شاخ_شېخى | ئاش_ئېشى | باش_بېشى | تاش _ تېشى |
| تاغ_تېغى | ئاق _ ئېقى | ساق_سېقى | قاق _ قېقى |
| ئاڭ_ئېڭى | ساڭ_ سېڭى | كاڭ _ كېڭى | هاڭ_هېڭى |

② ئاخىرقى بوغۇمى "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم هالىتىدىكى كۆپ بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، "ئا"تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلگەنلىكتىن، "ئې"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قانات_قانىتى | كاچات_كاچىتى | خالات_خالىتى | ئامبار_ئامبىرى |
| ئاياغ_ئايىغى | چىراغ_چىرىغى | ئاتاق_ئاتىقى | دىماغ_دىمىغى |
| بۇلاق_بۇلىقى | قاپاق_قاپىقى | ساقال_ساقىلى | شامال_شامىلى |
| قوزغىلاڭ_قوزغىلىڭى | قارىغاي_قارىغىيى | مالىخاي_مالىخىيى | |
| ئالقان_ئالقىنى | جاۋىغاي_جاۋىغىيى | ساۋاقداش_ساۋاقدىشى | |

(2)نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى

① "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم هالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە

تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، "ئا"تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلمىگەچكە، "ئې"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. ("ر"بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەر ئايرىم كۆرسىتىلدى. ) مەسىلەن:

نال_نالى        جاي_جايى        راي_رايى        خال_خالى

زات_زاتى        هال_هالى        ياد_يادى        يال_يالى

تاج_تاجى        نام_نامى        ساز_سازى        سان_سانى

② ئاخىرقى بوغۇمى"ئا"بىلەن تۈزۈلگەن، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان يېپىق بوغۇم هالىتىدىكى بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، بوغۇم ئاخىردىكى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىنقىسى ئالدىنقى بۇغۇمنى، كېيىنكىسى قوشۇمچە بىلەن قوشۇلۇپ كېيىنكى بوغۇمنى تەشكىل قىلغاچقا، ئاخىرقى "ئا"تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ يۆتكەلمەي، يېپىق بوغۇم هالىتىدە قالغانلىقتىن "ئې"ياكى"ئى"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاست_ئاستى        ئانت_ئانتى        ئالد_ئالدى

ئاسپىرانت_ئاسپىرانتى        مۇزىكانت_مۇزىكانتى

③ئاخىرقى بوغۇمى "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم هالىتىدىكى بىرقىسىم كۆپ بوغۇملۇق تۇرغۇن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، گەرچە مەزكۇر "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن بوغۇم ئۇچۇق بوغۇم هالىتىدە قالسىمۇ، "ئا"تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ يۆتكەلمىگەچكە "ئى"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئەتراپ_ئەتراپى        جاۋاب_جاۋابى        قۇياش_قۇياشى

قاياش_قاياشى        قۇرام_قۇرامى        ئامال_ئامالى

تەلىمات_تەلىماتى        ئىنتىپاق_ئىنتىپاقى        ئىشتىياق_ئىشتىياقى

خىيال_خىيالى        مۇقام_مۇقامى        قۇرال_قۇرالى

پىلان_پىلانى          ئىستىھكام_ئىستىھكامى      پىراق_پىراقى

④ ئاخىرقى بوغۇمى"ئا"بىلەن تۈزۈلۈپ، "ھ"بىلەن ئاخىرلاشقان بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋە "ر"بىلەن ئاخىرلاشقان بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئاخىرقى "ئا"تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلمىگەنلىكتىن "ئې" ياكى"ئى"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاھ _ ئاھى          گاھ _ گاھى          شاھ _ شاھى

ئىلاھ _ ئىلاھى          گىياھ _ گىياھى          نىكاھ _نىكاھى

ئارامگاھ _ئارامگاھى          قارارگاھ _ قارارگاھى          زىيارەتگاھ _ زىيارەتگاھى

قار_ قارى          بار_ بارى          شار _ شارى          تار_ تارى          كار_كارى

يار_ يارى          زار_ زارى          نار_نارى          غار_غارى          گار_گارى

قارار_قارارى          مادار_ مادارى

⑤ دار، _زار، _ كار، _شۇناس" قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان كۆپ بوغۇملۇق تۈرغۈن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر قوشۇمچىلاردىكى "ئا" تاۋۇشى ئۈچۈق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، "ئى"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئەمەلدار_ئەمەلدارى          ھوقۇقدار_ھوقۇقدارى          مەنسەبدار_مەنسەبدارى

گۈلزار_گۈلزارى          چىمەنزار_چىمەنزارى          ئۈزۈمزار_ئۈزۈمزارى

گۇناھكار_گۇناھكارى          مەدەتكار_مەدەتكارى          ھەۋەسكار_ ھەۋەسكارى

تىلشۇناس_تىلشۇناسى          تارىخشۇناس_ تارىخشۇناش

⑥ ئاخىرقى بوغۇمى "ئا"بىلەن تۈزۈلۈپ "ر"بىلەن ئاخىرلاشقان "ئامبار، بىكار، چاكار، چاكار، خامار، قاڭشار، قوچقار"قاتارلىق تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئاخىرقى "ئا"تاۋۇشىدىكى ئۇرغۇ ئۆزىدىن كېيىنكى بوغۇمغا يۆتكەلگەنلىكتىن

"ئى"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئامبار_ئامبىرى بىكار_بىكىرى چاكار_چاكىرى

خامار_خامىرى قاڭشار_قاڭشىرى قوچقار_قوچقىرى

⑦ ئاخىرقى بوغۇمى "ئا"بىلەن تۈزۈلۈپ، "_ ر، _ س" بىلەن ئاخىرلاشقان"ئانار، بازار، تاغار، خۇمار، سونار، قاتار" ۋە "ئابزاس، ئاتلاس، زاپچاس، كومپاس، ماتراس" قاتارلىق تۈرغۈن سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، بۇ "ئا"تاۋۇشى بەزىدە "ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلسە، بەزىدە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي ئىككى خىل يېزىلىدىغان ئەھۋال تەڭلا مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋالنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى "ئا"تاۋۇشى "ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرلۈپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئانار_ئانىرى بازار_بازىرى تاۋار_تاۋىرى پانار_پانىرى

تاغار_تاغىرى خۇمار_خۇمىرى ئابزاس_ئابزاسى ئاتلاس_ئاتلىسى

زاپچاس_زاپچىسى كومپاس_كومپىسى

⑧ خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن ئاخىرقى بوغۇمى "ang,iang" قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن"بەنجاڭ، پەيجاڭ، جۈنجاڭ، دۈيجاڭ، دادۈيجاڭ، شىپاڭ، ماتاڭ، ليەنجاڭ، ماجاڭ، مەنجاڭ. . . . "قاتارلىق تۈرغۈن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئىستىمالدا مەزكۇر"ئا"تاۋۇشى بەزىدە"ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلسە، بەزىدە نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال تەڭلا مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋالنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى "ئا"تاۋۇشى ئىملادا"ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بەنجاڭ_بەنجاڭى پەيجاڭ_پەيجاڭى جۈنجاڭ_جۈنجاڭى

دۈيجاڭ _دۈيجاڭى دادۈيجاڭ_دادۈيجاڭى شىپاڭ_شىپاڭى

ماتاڭ_ماتاڭى ليەنجاڭ_ليەنجاڭى ماجاڭ_ماجاڭى

4. ئاخىرقى بوغۇمى "ئـا"بىلەن تـۈزۈلگەن پېئىللاردا، مەزكۇر"ئا"تاۋۇشـىنىڭ "ئـې" يـاكى "ئى"غا ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرمەسلىك ئەھۋاللىرى

1)ئۈچۈق بوغۇملۇق پېئىللاردا

(1)ئۆزگىرىدىغانلىرى:

ئـاخىرقى بوغـۇمى "ئـا" بـىلەن تـۈزۈلگەن كـۆپ بوغۇملـۇق پېئىللارغـا مۇناسـىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا مەزكۇر بوغۇم ئۈچۈق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئاخىرقى "ئا"تاۋۇشى "ئى"غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

ئاتا_ئاتىدى، ئاتىغان، ئاتىسا، ئاتىسۇن، ئاتىدۇق. . . . . . . . .

ئورۇنلا_ئورۇنلىدى، ئورۇنلىغان، ئورۇنلىسا، ئورۇنلىسۇن، ئورۇنلىدۇق، . . . . . . .

(2) ئۆزگەرمەيدىغانلىرى

ئەگەر يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىن كـېيىن مەزكۇر بوغۇم يېپىق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئـاخىرقى "ئا"تاۋۇشـى"ئى"غا ئۆزگەرمـەيدۇ. مەسىلەن:

ئاتا_ئاتالدى، ئاتالغان، ئاتالسا، ئاتالسۇن، ئاتالدۇق، ئاتاڭلار. . . . . . . . .

ئورۇنلا_ئورۇنلاندى، ئورۇنلانغان، ئورۇنلانسا، ئورۇنلانسۇن، ئورۇنلاڭلار. . . . . . .

2)يېپىق بوغۇملۇق پېئىللاردا

(1)ئۆزگىرىدىغانلىرى:

① "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن يېپىق بوغۇم ھالىتىدىكى بىر بوغۇملۇق پېئىللارغـا مۇناسـىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئۈچۈق بوغۇم ھالىتىدە قالسـا، "ئا"تاۋۇشـى"ئې"غا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن:

ئات_ئېتىپ، ئېتىلغان، ئېتىلسا، ئېتىڭلار. . . . . . .

چات_چېتىپ، چېتىلغان، چېتىلسا، چېتىڭلار. . . . .

② ئـاخىرقى بوغۇمى"ئـا"بىلەن تـۈزۈلگەن يېپىــق بوغـۇم ھالىتىـــدىكى كـۆپ بوغۇملـۇق پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئۇچـۇق بوغـۇم ھالىتىـدە قالسا، "ئا"تاۋۇشى"ئى"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

تاتار_تاتىرىپ، تاتىرىش، تاتىراڭغۇ. . . . . . .

جانلان_جانلىنىش، جانلىنىپ. . . . . . . . .

(2)نۆۋەتلەشمەيدىغانلىرى

① يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان پېئىللارغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىن كېيىن " ، يىلتىـز يـاكى

ئۆزەكتىكى"ئا" تاۋۇشى "ئې"ياكى "ئى"غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئات_ئاتقان، ئاتسا، ئاتسۇن، ئاتتۇق، ئاتقۇر. . . . . . . .

چات_چاتقان، چاتسا، چاتسۇن. چاتتۇق، چاتقۇ. . . . . . . .

تاتار_تاتارغان، تاتارسا. . . . . . . . .

جانلان_جانلانغان، جانلانسا، جانلانسۇن، جانلاندۇق. . . . . . . . . . .

② "ئا"بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملـۇق پېئىللارغـا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، ئىككـى ئـۈزۈك تاۋۇشـنىڭ ئالدىنقىسـى ئالـدىنقى بوغـۇمنى، كېيىنكىسـى كېيىنكـى بوغـۇمنى تەشـكىل قىلغـانلىقتىن "ئا"تاۋۇشـى "ئې"غـا نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

تارت_تارتىپ، تارتىڭلار. . . . . . . . . . . . .

قايت_قايتىپ، قايتىڭلار. . . . . . . . .

IVسوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

1. ئىككىنچى بوغۇمى ئېگىز سوزۇق تاۋۇش"ئى، ئۇ، ئۈ" بىلەن تۈزۈلگەن بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئىككىنچى بوغۇم ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتقاتسا، "ئى، ئۇ، ئۈ"تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئىملادا چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| پەسىل+ى=پەسلى | جىسىم+ى=جىسمى | سىڭىل+ى=سىڭلى |
| قىسىم+ى=قىسمى | كۆڭۈل+ى كۆڭلى | نەسىل+ى=نەسلى |
| ھۆكۈم+ى=ھۆكمى | ئورۇن+ى=ئورنى | ئوغۇل+ى=ئوغلى |
| ئۆمۈر+ى=ئۆمرى | ۋاقىت+ى=ۋاقتى | ئىسىم+ى=ئىسمى |

2. ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ۋە پۈتكەن سۈپەتداشنىڭ سوراق شەكلى ئۈچۈن "مۇ"ئۈلانمىسى قوشۇلغاندىن كىيىن ياردەمچى پېئىل "ئىدى، ئىكەن، ئىمىش"لەر كەلسە، "مۇ"ئۈلانمىسىدىكى "ۇ"تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئىملادا چۈشۈپ قالغىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كېلەر+مۇ+ئىدى=كېلەرمىدى | بارار+مۇ+ئىدى=بارارمىدى |
| ساتار+مۇ+ئىدى=ساتارمىدى | تونۇغان+مۇ+ئىدى=تونۇغانمىدى |

## V ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

1. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە يول قويۇلمايدۇ.

1)ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش ئۆز پېتى يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئات+سا=ئاتسا(ئاسسا ئەمەس)

سات+سا=ساتسا(ساسسا ئەمەس)

ئاچ+قان=ئاچقان(ئاشقان ئەمەس)

قاچ+قۇن=قاچقۇن(قاشقۇن ئەمەس)

ئىچ+مەك=ئىچمەك(ئىشمەك ئەمەس)

چاچ+سا=چاچسا(چاشسا ئەمەس)

توش+سا=توشسا(توسسا ئەمەس)

قوش+سا=قوشسا(قوسسا  ئەمەس)

ساق+لا=ساقلا(ساخلا ئەمەس)

ۋاق+لىق=ۋاقلىق(ۋاخلىق ئەمەس)

كېرەك+لىك=كېرەكلىك(كېرەگلىك ئەمەس)

تۈۋرۈك+لۈك=تۈۋرۈكلۈك(تۈۋرۈگلۈك ئەمەس)

چىراقلىق+راق=چىراقلىقراق(چىرايلىغراق ئەمەس)

2) "ق، ك، پ"تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، "ق، ك، پ"تاۋۇشلىرى ئىملادا ئۆز پېتى يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ياتاق+ى=ياتىقى(ياتىغى ئەمەس)

ئاتاق+ى=ئاتىقى(ئاتىغى ئەمەس)

تىلەك+ى=تىلىكى(تىلىگى ئەمەس)

پىلەك+ى=پىلىكى(پىلىگى ئەمەس)

تەكلىپ+ى=تەكلىپى(تەكلىۋى ئەمەس)

ئارخىپ+ى=ئارخىپى(ئارخىۋى ئەمەس)

2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرى

باج_باجدا، باجغا، باجدىن

تار_تاردا، تارغا، تاردىن. . . . .

ياز_يازدا، يازغا، يازدىن

تال_تالدا، تالدا، تالدىن. . . .

نان_نان‌دا، ناندىن، نانغا، نانلار. . .

باي_بايدا، بايغا، بايدىن، بايلار. . . . .

دۇتتار_دۇتتاردا، دۇتتارغا، دۇتتاردا، دۇتتارلار

تومۇز_تۇمۇزغا، تۇمۇزدا، تۇمۇزدىن. . .

قورغان_قورغاندا، قورغاندىن، قوغانغا، قورغانلار. . . .

مۇقام_مۇقامدا، مۇقامغا، مۇقامدىن، مۇقاملار

تاڭلاي_ تاڭلايدا، تاڭلايغا، تاڭلايدىن. . .

قاراۋۇل_قاراۋۇلدا، قاراۋۇلغا، قاراۋۇلدىن. . . . .

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىرى

داپ_داپقا، داپتا، داپتىن

بەت_بەتتە، بەتكە، بەتتىن

كەچ_كەچتە، كەچكە، كەچتىن

شاخ_شاختا، شاختىن، شاخقا. . .

داس_داستا، داسقا، داستىن. . .

تۆش_تۆشتە، تۆشكە، تۆشتىن. . . . .

قاق_قاقتا، قاققا، قاقتىن. . . .

تەك_تەككە، تەكتە، تەكتىن. . . .

قۇرۇت_قۇرۇتقا، قۇرۇقتا، قۇرۇتتىن. . .

ئۇماچ_ئۇماچقا، ئۇماچتا، ئۇماچتىن. . .

نەققاش_نەققاشقا، نەققاشتا، نەققاشتىن. . .

كۇھىقاپ_كۇھىقاپقا، كۇھىقاپتا، كۇھىقاپتىن. . . .

ئورۇندۇق_ئورۇندۇققا، ئورۇندۇقتا، ئورۇندۇقتىن. . .

ئەسكەرتىش:

① "ب، د، ه "جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر جانلىق تىلدا جاراڭسىزلاشتۇرلۇپ تەلەپپۇز قىلىنغاچقا، مۇنداق سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھېساب_ھېسابتا، ھېسابقا، ھېسابتىن، ھېسابى

كىتاب_كىتابتا، كىتاپقا، كىتاپتىن، كىتابى

ئىقتىساد_ئىقتىسادتا، ئىقتىسادقا، ئىقتىسادتىن، ئىقتىسادى

مۇراد-مۇرادقا، مۇرادتا، مۇرادتىن

پادىشاھ _ پادىشاھقا، پادىشاھتا، پادىشاھتىن

ئارامگاھ _ ئارامگاھتا، ئارامگاھقا، ئارامگاھتىن

② "غ، گ"جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە مۇشۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇلغاندا، ئىككى ئوخشاش جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشنى بىرلا ۋاقىتتا ئېيتىش تەلەپپۇزغا ئېغىرلىق كەلتۈرگەچكە، مۇنداق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ۋاريانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

باغ+قا=باغقا(باققا ئەمەس)

تاغ+قا=تاغقا(تاققا ئەمەس)

تۇغ+قان=تۇغقان(تۇققان ئەمەس)

ئەگ+كەن=ئەگكەن(ئەككەن ئەمەس)

تەگ+كەن=تەگكەن(تەككەن ئەمەس)

بەگ+كە=بەگكە(بەككە ئەمەس)

3. "ي"ئۈزۈك تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

1)ئاخىرقى بوغۇمى ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى بەزى سۆزلەرگە تەۋەلىك بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىدا"ي"تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ ۋە ئىملادا شۇ بويىچە يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخستە ھەممىسىگە ئوخشاشلا "سى" قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

پولۇ_پولۇيۇم، پولۇيۇڭ، پۇلۇسى

توخۇ_توخۇيۇم، توخۇيۇڭ، توخۇسى

چەيدۇ_ چەيدويۇم، چەيدويۇڭ، چەيدۇسى

ئىملا_ئىملايىم، ئىملايىڭ، ئىملاسى

2)"سۇ"سۆزى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، "ي"تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ ھەمدە "ئۇ" تاۋۇشى "ئۈ"گە نۆۋەتلىشىدۇ. ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى ئۇچۇن "سى"ئەمەس "ى"قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سۇ_سۇيۇم، سۇيۇك، سۇيى

3)رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋرۇپا تىللىرىدىن كىرگەن "_ ىئا، _ىئو" قۇرۇلمىسىدىكى سۆزلەر تىلىمىزنىڭ فونىتىكىلىق قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرلۇپ، مەزكۇر ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىغا ئۇزۇك تاۋۇش"ي"قوشۇلىدۇ ۋە ئىملادا شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پىيانىنو، رادىيو، دىيامېتىر، تىياتىر، دىيالوگ، ماتېرىيالىزىم، سوتسىيالىزىم، فىرازىيولوگىيە، دىيافراگما، ئاككوردىيون، دىيالېكىت. . . . .

Ⅵمۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1. تۈپ سۆز ۋە قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

تۈپ سۆز ۋە قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەرن جۈملىدە مۇستەققىل لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدە بىر-بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

باھار بىلەن تەڭ پۈتكۈل كائىنات جانلىنىشقا باشلىدى.

2. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1)بىرىككەن سۆزلەر بىر لېكسىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىپ، ئۇنى تەشكىل قىلغان ئىككى تەركىب قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تۆگىتاپان، توشقانقۇلاق، قىرىققۇلاق، مۈشۈكياپىلاق،

سەكسەنپۇت، بۇغئوت، ئىشقىلىپ، جاھانكەزدى

ئەسكەرتىش:

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قانداق بىرىكمىلەرنى بىرىككەن سۆز دەپ تونۇش

مەسىلىسى تېخى نەزەرىيە جەھەتتىن ھەل بولمىدى. شۇڭا بۇنىڭغا ئالاقىدار كونكرېت مەسىلىلەردە ئۇيغۇر تىلچىلىرى ئارىسىدا ھېلىمۇ ئىختىلاپ داۋام قىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقى نوقتىسىدىن ئالغاندا، بىرىككەن سۆزلەرنى شۇنىڭدەك بىرىككەن سۆزلۈك يۆلىنىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقان بىرىكمىلەرنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە قوشۇپ يازغان پايدىلىق. تېخى تالاش-تارتىش ئۈستىدە تۇرىۋاتقان بىرىكمىلەرنى ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يۆلىنىشىگە قاراپ كىيىنچە بىر تەرەپ قىلىسىمۇ بولىدۇ. بىز ھازىرچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئاساسەن قوشۇپ يېزىلىۋاتقان بىرىكمىلەرنى بىرىككەن سۆز قاتارىدا ئالدۇق.

2)بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تەركىبى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ھازىرغىچە كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاشقازان، سەپرائوت، قاراماي، ڭ، قاراشەھەر. . . .

بۇغىئوت، تۆگىتاپان، قارىمۇچ، قارىقات، بالىياتقۇ، سەللىگۈل. . . .

3)بىرىنچى تەركىبى ئىككىنچى تەركىبىگە "مۇ"باغلىغۇچىسى ياكى "ۋە"باغلىغۇچىسىنى ئۆزگەرگەن شەكلى"ئۇ"ئارقىلىق قوشۇلغان بىرىكمىلەر بىرىككەن سۆز ھېسابلىنىپ، قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

باغۇبوستان، ئەيشۇئىشرەت، دادۇپەرياد، قولمۇقول

قارىمۇقارىشى، خىلمۇخىل، قاتمۇقات، ئۈستىمۇئۈست

4)ئىككىنچى تەركىبى "ب"بىلەن باشلانغان بىرىككەن سۆزلەرنىڭ بوغۇم بېشىدىكى "ب" تاۋۇشى "ۋ" تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي، ئىملادا "ب" يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئونبىشى، يۈزبېشى، مىڭبېگى، يۈزبېگى، موزايىبېشى، شىللىباغ، بەلباغ، پايىنەكباش، قاپاقباش، يۇمشاقباش، ئۈستىباش، يېڭىباشتىن، كۆكباش، كاتتىباش، ئىشتانباغ، گۈلباغ، ئازادباغ، دۆلەتباغ، چىنباغ، مارالبېشى، يۇلتۇزباغ، سايباغ، شامالباغ،

ئەمەتباقى، توختىباقى، ئاخۇنباي، ئابلاباقى. . . . . . . . . . . . .

5)تىلىمىزغا پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن " _باز، _بان" بىلەن ياسالغان سۆزلەردىكى قوشۇمچىنىڭ بېشىدا كەلگەن "ب" تاۋۇشلىرى ئۇزۇن يىل داۋامىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ "ۋ" تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ "_ۋاز، _ۋەن، _ۋان " بولۇپ كەتكەن. پەقەت "_باز"شەكلى ئايرىم سۆزلەردە ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئىملادا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغانلىرى، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان ھالىتىدە، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىمىغانلىرى ئەسلىي ھالىتىدە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| دارۋاز(ئەسلى دارباز) | قىمارۋاز(ئەسلى قىمارباز) |
| يۇرتۋاز (ئەسلى يۇرتباز) | سىياسەتۋاز( ئەسلى سىياسەتباز) |
| باغۋەن(ئەسلى باغبان) | سايىۋەن(ئەسلى سايىبان) |

جانباز، خوتۇنباز، تەركىپباز، تەرەپباز. . . . . . . . . .

6)ئىككىنچى تەركىبى لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىپ مۇستەقىل قوللىنىشتىن قالغان ياكى لېكسىكىلىق مەنىسى سۇسلىشىپ، قوللىنىلىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بالىۋاقا(ئەسلى بالا بارقا)          ئۆيۋاق(ئەسلى ئۆي- بارق)، تەگتۇش، تەلتۆكۈس

3. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1)جۈپ سۆزلەر ۋە جۈپلەنمە بىرىكمىلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاتا-ئانا          توي_تۆكۈن          ئات_ ئۇلاغ

خۇشال-خۇرام هارماي-تالماي ئۇزۇن-قىسقا

قاتتىق-قۇرۇق پات-پات قات-قات

قەۋەت-قەۋەت

2)ئىككىنچى تەركىبى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن تەكرارلانغان جۈپ سۆزلەر ئوتتۇرغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئارقا-ئارقىدىن زامان-زاماندىن كەينى-كەينىدىن

جاي-جايىغا جاي-جايىدا تۆپە-تۆپىسىگە

ئۆز-ئۆزىنى بىر-بىرىنىڭ دوقمۇش-دوقمۇشتا

3)بىرىنچى تەركىبى چىقىش كېلىش بىلەن كېلىپ تەكرارلانغان سۆزلەردىن ھاسىل بولغان بىرىكمىلەر جۈپ سۆزلەر ھېسابلىنىپ، ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆندىن-كۈنگە ھېلىدىن-ھېلىغا شاختىن-شاخقا

ئۆيدىن-ئۆيگە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا

4)تەكرار كەلگەن ھەر ئىككى سۆزنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندىن سىرت يەنە كېيىنكى سۆزلەرگە باش كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئۇلار جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ، ئىككى سۆز ئوتتۇرسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جايى-جايىدا ئورنى-ئورنىدا ۋاقتى-ۋاقتىدا

جايى-جايىغا ئورنى-ئورنىغا ئىچى-ئىچىدىن

5)تەكرار كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ كېيىنكىسىگە ياكى ھەر ئىككىسىگە "-لاپ، -لەپ"قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەر جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ، ئوتتۇرسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاي-ئايلاپ　　　كېچە-كېچىلەپ　　　تۆپە-تۆپىلەپ

ئويلاپ-ئويلاپ　　　يۈزلەپ-يۈزلەپ　　　ئارىلاپ-ئارىلاپ

6)ئىككى تەركىبلىك ياكى تەكرار كەلگەن تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تاراق-تۇرۇق　　　پاژ-پۇژ　　　لىغىر-لىغىر

ۋال-ۋۇل　　　شىپ-شىپ　　　قىمىر-قىمىر

7)ئىككىنچى تەركىبى بىرىنچى تەركىبىگە قاپىيە نوقتىسىدىن ئۇلىنىپ كېلىپ، ئالدىنقى تەركىبىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى سۇسلاشتۇرىدىغان بىرىكمىلەر جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

نان-پان　　　ئاش-پاش　　　چاي-پاي　　　تۇز-پۇز

سەل-پەل　　　ئاز-پاز　　　لاتا-پۇتا　　　مايماق-سايماق

قارا-قۇرا　　　ساراڭ-سۇرۇڭ

4. سانلارنىڭ ئىملاسى

سانلار تېكىست ئىچىدە تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە يېزىلىدۇ.

1)بىردىن ئونغىچە بولغان ساناق سانلار ئېھتىياجغا قاراپ رەقەم ياكى ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر ئادەم　　　بىر ساپاق ئۈزۈم　　　ئىككى تاۋۇز　　　بەش يۈەن

6 قەلەم　　　8 كىشى　　　9 خالتا. . . . . . . .

2)دەرىجە سانلار رەقەم بىلەن يېزىلسا، كەينىدىن دەرىجە سان بەلگىسى "-" قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1-ئاي　　　12-قىسىم　　　" 9-دېكابىر" ۋەقەسى　　　مىلادىيە 480-يىلى

3)بىر قانچە دەرىجە سان قاتار كەلگەندە، مەيلى ھەرپ بىلەن يېزىلسۇن ياكى رەقەم

بىلەن يېزىلسۇن ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كاماندا ئەزالىرى. . . . . . . .

1-، 2-، 3- كاماندا ئەزالىرى. . . . . . . . . . . . .

4) سانلىق مەلۇماتلاردىكى كۆپ خانىلىق ساناق سانلار ئارىلاش يېزىلسا بولىدۇ. رەقەم بىلەن يېزىلغاندا ھەر ئۈچ خانىسىدىن كېيىن بىر تەتۈر پەش " , " قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

154 مىڭ 630 سەر كۈمۈش 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن

154,630 سەر كۈمۈش 1 , 600,000 يۈەن

5)ئاددىي كەسىر ۋە ئونلۇق كەسىرلىك سانلارنى ھەرپلىك ياكى رەقەملىك ئىپادە بىلەن يېزىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

سەككىزدىن بەش ياكى $\frac{5}{8}$ ئوندى بىر ياكى $\frac{1}{10}$

نۆل پۈتۈن ئوندىن بىر ياكى 0. 1 بىر پۈتۈن يۈزدىن ئالتە ياكى 1. 06

6)بىر ئىش ۋەقەنىڭ باشلىنىش نوقتىسى بىلەن تاماملىنىش نوقتىسىنى بىلدۈرىدىغان يىل ناملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنمىسا، ئوتتۇرىغا سىزىق قويۇلۇپ، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. ئەگەر مۇنداق يىل نامىلرى مىلادىيە ھېسابىدا بولۇپ قالسا، كىچىك سان ئوڭغا، چوڭ سان سولغا يېزىلىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقىلىرىدا چوڭ سان ئوڭغا، كىچىك سان سولغا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مەھمۇد كاشغەرى( 1008_1105 ) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( 1019_1085 )

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ( 1449_1551 ) نەۋايى ( 1441_1501 )

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ( 1896_1932 ) تاڭ سۇلالىسى( 618_907 )

ئارىستوتىل ( مىلادىدىن ئىلگىركى 384_324 )

پىلاتون ( مىلادىدىن ئىلگىركى 427_347)

7)رىم رەقەملىرىنى ئېھتىياجغا قاراپ سۇلالىلەر، كىتاب بابلىرى ۋە توملىرى،

مۇنداق ئەھۋالدا رىم رەقەملىرىدىن .

كېيىن ھېچقانداق بەلگە قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

I باب　　V توم　　كاربون IV ئوكسىدى

8)قەرەللىك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈردىغان سانلار تولۇق يېزىلغاندىن كېيىن " _ يىللىق" دېگەن سۆز قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

2007-يىللىق ئۈرۈمچى چېگرا سودا يەرمەنكىسى

2008-يىللىق ئولىمپىك مۇسابىقىسى

9)رەقەم ۋە پىرسەنت بەلگىسى بىلەن يېزىلغان سانلاردىن كېيىن ئەگەر شەخس قوشۇمچىسىنى قوشۇشقا توغرا كەلسە، شەخس قوشۇمچىسى سانلارغا بىۋاستە ئۇلاپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ دەپتەرنىڭ 14 ى مېنىڭ، 12 سى سېنىڭ

ۋەزىپىنىڭ% 90 ى ئورۇنلاندى

10)فورمۇلالار، ماتېماتىكىلىق ئىپادىلەر سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

F=am (نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى)

$M\frac{1}{2}=\sum k\ V2$ (ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قانۇنى)

11)ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇرچە يېزىلسىمۇ ياكى لاتىن ھەرپلىرىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بويىچە يېزىلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

نۇرنىڭ تېزلىكى سېكۇنتىغا 300 مىڭ كىلومېتىر ياكى نۇرنىڭ تېزلىكى سېكۇنتىغا 300,000 km

300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان چېنىقىش زالى ياكى 300 $m2$ كېلىدىغان چېنىقىش زالى

12)پارگراف بەلگىسى ساندىن كېيىن يېزىلىدۇ. پاراگراف بەلگىسىدىن كېيىن چېكىت

قويۇلىدۇ. مەسىلەن :

.1 .2 .3 .4 .5 .6

Ⅶبەزى پېئىللارنىڭ ئىملاسى

1. "ئال- ، بول- ، چال- ، سال- ، قال- ، كەل-"پېئىللىرى ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلىدە كەلسە ، بۇ پېئىللارنىڭ رەۋىشداش شەكلىدىكى "لى-" ۋە "لۇ-" بوغۇملىرى چۈشۈپ قالىدۇ. ئەسلى پېئىلدىكى"ئا ، نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ئال- +ىپ+دۇر+مەن=ئاپتىمەن ، ئاپتىمىز

ئال-+ىپ+دۇر+سەن=ئاپسەن ، ئاپسىز ، ئاپتىلا

ئال-+ىپ+دۇر+0=ئاپتۇ

بول-+ۇپ+دۇر+مەن=بوپتىمەن ، بوپتىمىز

بول-+ۇپ+دۇر+سەن=بوپسەن ، بوپسىز ، بوپتىلا

بول-+ۇپ+دۇر+0=بوپتۇ

چال-+ىپ+دۇر+مەن=چاپتىمەن ، چاپتىمىز

چال-+ىپ+دۇر+سەن=چاپسەن ، چاپسىز ، چاپتىلا

چال-+ىپ+دۇر+0=چاپتۇ

سال-+ىپ+دۇر+مەن=ساپتىمەن ، ساپتىمىز

سال-+ىپ+دۇر+سەن=ساپسەن، ساپسىز، ساپتىلا

سال-+ىپ+دۇر+0=ساپتۇ

قال-+ىپ+دۇر+مەن=قاپتىمەن، قاپتىمىز

قال-+ىپ+دۇر+سەن=قاپسەن، قاپسىز، قاپتىلا

قال-+ىپ+دۇر+0=قاپتۇ

كەل-+ىپ+دۇر+مەن=كەپتىمەن، كەپتىمىز

كەل-+ىپ+دۇر+سەن=كەپسەن، كەپسىز، كەپتىلا

كەل-+ىپ+دۇر+0=كەپتۇ

2. "ئال-، بول-، چال-، سال-، قال-، كەل-"پېئىللىرى ئۆز مەنىسىدە "پ"لىق رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا يەنە مۇشۇ پېئىللار تۇسلۇك مەنە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى شەكلىدە ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدە كەلسە، بۇ ياردەمچى پېئىللار تەركىبىدىكى "لى-" ۋە "لۇ-" بۇغۇملىرى كۆرسىتىلگەندەك چۈشۈپ قالىدۇ. ئالدىنقى پېئىلدىكى "ئا، ئە"تاۋۇشلىرى 'ئې"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسلەن:

ئېلىپ ساپتىمەن

ئال-+ىپ=ئېلىپ　　　سال-+ىپ>ساپ+دۇر+مەن=ساپتىمەن

بولۇپ بوپتۇ

بول_+ۇپ=بولۇپ　　　بول-+ۇپ>بوپ+دۇر=بوپتۇ

چېلىپ ساپتىمەن

چال-+ىپ=چېلىپ　　　سال-+ىپ>ساپ+دۇر+مەن=ساپتىمەن

سېلىپ بوپتۇ

سال-+ىپ=سىلىپ            بول-+ۇپ>بوپ+دۇر=بوپتۇ

قىلىپ قاپتىمەن

قال-+ىپ=قىلىپ       قال-+ىپ>قاپ+دۇر+مەن=قاپتىمەن

كىلىپ قاپتىمەن

كەل-+ىپ=كىلىپ            قال-+ىپ>قاپ+دۇر+مەن=قاپتىمەن

3. يۇقىرىدىكى ئالتە پېئىلنىڭ مۇستەققىل مەنىدە كەلگەن "پ"لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس مەنىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلاردىن بەزىلىرى يەنە "پ"لىق رەۋىشداش شەكلىدە ئۇلىنىپ كەلگەندە، ھەر ئىككى پېئىلنىڭ "پ"لىق رەۋىشداش شەكلىدە كۆرۈلگەن "لى-" ۋە "لۇ-"بوغۇملىرى چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى "ئا، ئە"تاۋۇشلىرى "ئې"غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئال-+ىپ=ئېلىپ               سال-+ىپ=سىلىپ_ _ _ ئېلىپ سىلىپ

بول-+ۇپ=بولۇپ              بول-+ۇپ=بولۇپ _ _ _ بولۇپ بولۇپ

چال-+ىپ=چېلىپ         سال-+ ىپ=سىلىپ_ _ _ چېلىپ سىلىپ

سال- + ئىپ=سىلىپ      بول-+ ۇپ=بولۇپ _ _ _ سىلىپ بولۇپ

كەل_ + ىپ=كىلىپ        قال- +ىپ=قىلىپ _ _ _ كىلىپ قىلىپ

ئەسكەرتىش:يۇقىرىدىكى 6 پېئىل مۇستەققىل مەنىدە "پ"لىق رەۋىشداش شەكلىدە كەلگەندە، ئۇلارغا تۇسلۇك مەنە ئۈچۈن " ئال " پېئىلىنىڭ " پ " لىق رەۋىشداش شەكلى قوشۇلۇپ كەلسە، ھەر ئىككى تەركىبتىكى "لى-" ۋە "لۇ-"بوغۇملىرى چۈشۈرۈلمەي بىرىكتۈرۈپ يېزىلىدۇ. بۇ پېئىللاردىكى "ئا، ئە" تاۋۇشلىرى "ئې"غا نۆۋەتلەشكەندىن سىرت يەنە بىرىنچى تەركىب نىڭ ئايىغىدىكى"پ" تاۋۇشىمۇ "ۋ"غا نۆۋەتلەشتۈرىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال- +ىپ+ئال-+ىپ=ئېلىۋېلىپ

بول-+ۇپ+ئال- +ىپ=بولۇۋېلىپ

چال- +ىپ+ئال- + ىپ=چېلىۋېلىپ

سال- + ىپ+ئال-+ىپ=سېلىۋېلىپ

قال- +ىپ+ئال- +ىپ=قېلىۋېلىپ

كەل- + ىپ+ئال- ىپ=كېلىۋېلىپ

4. ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى " ئا ، ئە " قوشۇلغاندىن كېيىن، "ئا- "پېئىلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىمكانىيەت تۈسىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى ئىپادىلەنسە، پېئىللارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى " ئا" تاۋۇشى ئۆز پېتى قالىدۇ، "ئە"تاۋۇشى "ئې"غا ئۆزگىرىشكە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

بولۇشلۇق شەكلى

ياز- + ا + ئال - + ا+دۇر + مەن=يازالايمەن

ياز- + ا + ئال - + ا+دۇر + سەن=يازالايسەن

ياز- + ا + ئال - + ا+دۇر +0=يازالايدۇ

كەل- + ە+ ئال- + ا+ دۇر+ مەن=كېلەلەيمەن

كەل- + ە+ ئال- + ا+ دۇر+سەن=كېلەلەيسەن

كەل- + ە+ ئال- + ا+ دۇر+0=كېلەلەيدۇ

بولۇشسىز شەكلى

ياز- +ا + ئال- +ما+ي+دۇر+ مەن=يازالمايمەن

ياز- +ا + ئال- +ما+ي+دۇر+ سەن=يازالمايسەن

ياز- +ا + ئال- +ما+ي+دۇر+0=يازالمايدۇ

كەل- +ە + ئال- + ما + ي + دۇر + مەن=كېلەلمەيمەن

كەل- +ە + ئال- + ما + ي + دۇر + سەن=كېلەلمەيسەن

كەل- +ە + ئال- + ما + ي + دۇر + 0=كېلەلمەيدۇ

5. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى " ي " قوشۇلغاندىن كېيىن " ئال- " (بۇ پېئىل تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق يىلتىز ياكى ئۆزەكلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى سەۋەبىدىن " ئەل" شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. )پېئىلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىمكانىيەت تۈسىنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكلى ئىپادىلەنسە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى " ئا ، ئە"تاۋۇشلىرى "ئى" غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

بولۇشلۇق شەكلى

ئىشلە- + ي+ئال- + ا + دۇر+ مەن=ئىشلىيەلەيمەن

ئىشلە- + ي+ئال- + ا + دۇر+ سەن=ئىلىيەلەيسەن

ئىشلە- + ي+ئال- + ا + دۇر+ 0=ئىشلىيەلەيدۇ

ياسا- +ي + ئال- + ا + دۇر + مەن= ياسىيالايمەن

ياسا- +ي + ئال- + ا + دۇر + سەن=ياسىيالايسەن

ياسا- +ي + ئال- + ا + دۇر + 0=ياسىيالايدۇ

بولۇشسىز شەكلى

ئىشلە_ + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + مەن= ئىشلىيەلمەيمەن

ئىشلە_ + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + سەن=ئىشلىيەلمەيسەن

ئىشلە_ + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + 0=ئىلىيەلمەيدۇ

ياسا _ + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + مەن = ياسىيالمايمەن

ياسا _ + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + سەن=ياسىيالمايمەن

ياسا _ + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + 0=ياسىيالمايدۇ

6. يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە ئىمكانىيەت تۈسىگە ئىگە بولغان بىر بوغۇملۇق " دە- ، يە- " پېئىللىرىدىكى "ئە" تاۋۇشى " ئې " غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

بولۇشلۇق شەكلى :

دە- + ي + ئال- + ا + دۇر + مەن=دېيەلەيمەن

دە- + ي + ئال- + ا + دۇر + سەن=دېيەلەيسەن

دە- + ي + ئال- + ا + دۇر + 0=دېيەلەيدۇ

يە- + ي + ئال- + ا + دۇر + مەن=يېيەلەيمەن

يە- + ي + ئال- + ا + دۇر + سەن=يېيەلەيسەن

يە- + ي + ئال- + ا + دۇر + 0=يېيەلەيدۇ

بولۇشسىز شەكلى

دە- + ي + ئال- + ا + ما + ي + دۇر + مەن=دېيەلمەيمەن

دە- + ي + ئال- + ا + ما + ي + دۇر + سەن=دېيەلمەيسەن

دە- + ي + ئال- + ا + ما + ي + دۇر +0=دېيەلمەيدۇ

يە- + ي + ئال- + ا + ما + ي + دۇر + مەن=يېيەلمەيمەن

يە- + ي + ئال- + ا + ما + ي + دۇر + سەن=يېيەلمەيسەن

يە- + ي + ئال- + ا + ما + ي + دۇر +0=يېيەلمەيدۇ

7. "ئوقۇ- ، تونۇ- " غا ئوخشاش ئاخىرقى بوغۇمىدا " ئۇ " تاۋۇشى كەلگەن پېئىللارغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى " ي " قوشۇلغاندىن كېيىن " ئال- " پېئىلىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىمكانىيەت تۈسىنى بىلدۈرسە، بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز ھەر ئىككى شەكىلدە پېئىل يىلتىزىدىكى " ئۇ " تاۋۇشىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن:

بولۇشلۇق شەكلى :

ئوقۇ - + ي + ئال- + ا + دۇر + مەن= ئوقۇيالايمەن

ئوقۇ - + ي + ئال- + ا + دۇر + سەن= ئوقۇيالايسەن

ئوقۇ - + ي + ئال- + ا + دۇر + 0= ئوقۇيالايدۇ

تونۇ - + ي + ئال- + ا + دۇر + مەن= تونۇيالايمەن

تونۇ - + ي + ئال- + ا + دۇر + سەن= تونۇيالايسەن

تونۇ- + ي + ئال- + ا + دۇر + 0= تونۇيالايدۇ

بولۇشسىز شەكلى:

ئوقۇ- + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + مەن =ئۇقۇيالمايمەن

ئوقۇ- + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + سەن =ئۇقۇيالمايسەن

ئوقۇ- + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + 0 =ئۇقۇيالمايدۇ

تونۇ- + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + مەن =تونۇيالمايمەن

تونۇ- + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + سەن =تونۇيالمايسەن

تونۇ- + ي + ئال- + ما + ي + دۇر + 0 =تونۇيالمايدۇ

8. " ئات " پېئىلى "پ" لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن كېلىپ تۈسنى بىلدۈرسە، " ئەت " كە ئايلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئالدىنقى پېئىلغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. رەۋىشداشتىكى " پ " تاۋۇشى " ۋ " غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

تاشلا- + پ + ئات= تاشلىۋەت

ياسا- + پ + ئات= ياسىۋەت

ئوقۇ- + پ + ئات= ئوقۇۋەت

9. " بەر' پېئىلى " ئا، ئە " بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ تۈسنى بىلدۈرۈپ كەلسە، رەۋىشداشلاردىكى " ئا، ئە " تاۋۇشلىرى " ئى " غا نۆۋەتلىشىش بىلەن بىرگە پېئىلنىڭ يىلتىز ياكى ئۆزىكىدىكى " ئا، ئە " تاۋۇشلىرى " ئې " غا نۆۋەتلىشىدۇ. شۇنىڭدەك " بەر-" پېئىلىدىكى "ب " تاۋۇشى " ۋ " غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ياز- + ا + بەر= يېزىۋەر

قاز- + ا + بەر= قېزىۋەر

سات- + ا + بەر= سېتىۋەر

كۆر- + ە + بەر= كۆرىۋەر

كەت- + ە + بەر= كېتىۋەر

كەس- + ە + بەر= كېسىۋەر

كەت- + ە + بەر= كېتىۋەر

10. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا رەۋىشداش قوشۇمچىسى "ي " قوشۇلغاندىن كېيىن " بەر- " پېئىلى قوشۇلۇپ تۈسنى بىلدۈرگەندە، مەزكۇر " ي " چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ پېئىللار تەركىبىدىكى " ئە " سوزۇق تاۋۇشلىرى " ئى " غا نۆۋەتلەشمەيدۇ. ئەمما ئىككىنچى تەركىبتىكى "ب " تاۋۇشى " ۋ " غا نۆۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ده- + ي + بەر= دەۋەر

ئشله  + ي + بەر= ئشلەۋەر

ياسا- + ي + بەر= ياساۋەر

Ⅷ ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

11. "ئىدى، ئىكەن، ئىمىش" ياردەمچى پېئىللىرى تۇرغۇن سۆزلەردىن كېيىن كەلسە، ئالدىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىدى _ كىتاب ئىدى، قىزىل ئىدى، ئالتە ئىدى، شۇنداق ئىدى. . . .

ئىكەن_ كىتاب ئىكەن، قىزىل ئىكەن، ئالتە ئىكەن، شۇنداق ئىكەن. . . .

ئىمىش _ كىتاب ئىمىش، قىزىل ئىمىش، ئالتە ئىمىش، شۇنداق ئىمىش. . . . .

بۇ ياردەمچى پېئىللار پېئىل تىپىدىكى سۆزلەردىن  كېيىن كەلسە، ئالدىدىكى تەركىبكە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىدى _ ئوقۇغانىدى، بارماقچىدى؛يېزىۋىدى، يازارىدى، يازسىدى. . . .

ئىكەن _ ئوقۇغانىكەن، ئوقۇيدىكەن؛ بارماقچىكەن؛يېزىپتىكەن، يازسىكەن، يازىدىكەن، . . . . . . . . . . .

ئىمىش _ ئوقۇغانمىش، بارماقچىمىش، يازارىمىش

12. " مۇ، ما، غۇ، قۇ، ئا، ئە، زە، لا" ئۇلانمىلىرى سۆز يىلتىزلىرىغا قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ. " دە، ھە، يۇ " ئۇلانمىلىرى ئالدىدىكى سۆزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

ئالدىڭىزمۇ؟ مەنما؟ سىزچۇ ؟ مەنغۇ كېلەرمەن شۇنداققۇ دەيمەن؟

ئېيتىپ بېقىڭا؟ شۇنداق دېگىنە. سەنزە، كېلىپلا، كۆرۈپلا. . . . . . . . .

ئۇ كەلدى    دە، ئولتۇرماي كەتتى.

شۇنداق ئويلاپسەن    دە، كۆرۈپسەن- دە،      سەنمۇ يېزىپسەن    دە.

باردۇق- ھە.              كۆردۇق _ ھە.              كەتتۇق _ ھە.

كەلدى _ يۇ كەتتى.  باردى _ يۇ ئالدى

13. " بىلەن، ۋە، ھەم، ھەمدە، ئۈچۈن، ياكى، يا، بەلكى، چۈنكى، ئارقىلىق، ئارقىسىدا، توغرۇلۇق، توغرىسىدا، ئەمما، بىراق، لېكىن. . . . . . . . " قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى ۋە ئارقىسىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بىلەن سەن       مەن ۋە سەن          مەن ھەم سەن

سېنىڭ ئۈچۈن          سەن توغرۇلۇق         مەن ياكى سەن

14. سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى بىلدۈردىغان " پ " بىلەن ئاياغلاشقان تەركىبلەر سۈپەتكە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاپئاق، ئاپئاشكارا، كۆپكۆك، سېپسېرىق، قىپقىزىل، دۇپدۇمىلاق، قاپقارا، ياپيېشىل. . . . .

## IXباشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1.  خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1)خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغان سۆزلەر ئۆزلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

گاڭپەن، سومەن، خوشاڭ، پىنتوزا، يۇتازا. . . . . . . . .

2)خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى " c,sh,ch,zh " تاۋۇشلىرى ئۇيغۇرچىدا " ج، چ، ش، س" ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

| | | |
|---|---|---|
| جۇڭگۇ | Zhong guo | 中国 |
| چاڭشا | Chang sha | 长沙 |
| شاڭخەي | Shang hai | 上海 |
| ساۋ ساۋ | Cao cao | 曹操 |

3)خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىكى تاق يۈنمۇ " e,ī,o,a " ھەم قوشما يۈنمۇ " in,ing,en,eng,uang,ua,ang " لار پۈتۈنلەي تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| بوخەي | Bo hai | 渤海 |
| شېڭمۇ | Sheng mu | 声母 |
| لى شىمىن | Li shi min | 李世民 |
| ئېمېيشەن | E mei shan | 峨眉山 |
| خېنەن | He nan | 河南 |
| شىنجياڭ | Xin jiang | 新疆 |
| شىڭشىڭشيا | Xing xing xia | 星星峡 |
| فاڭجېن | Fang zhen | 方针 |
| جېڭجۇ | Zheng zhou | 郑州 |
| خۇاشيا | Hua xia | 华夏 |
| گۇاڭجۇ | Guang zhou | 广州 |

4) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى تاق يۈنمۇ " u " بىلەن قوشما يۈنمۇ " un,uan " لاردىكى " u" نىڭ يېزىلىشى تۆۋەندىكىچە :

(1) " u " تاق يۈنمۇسى " y,x,q" شىڭمۇلرى بىلەن بىللە كەلگەندە "ئۇ " يېزىلىپ باشقىلىرىدا " ئۈ " يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| شۇ گوجاڭ | Xu guo zhang | 许国璋 |
| شۇجۇ | Xu zhou | 徐州 |
| جياۋ يۇلۇ | Jiao yu lu | 焦裕禄 |
| يۇ گۇڭ | Yu gong | 愚公 |

(2) قوشما يۈنمۇ "un " تاق يۈنمۇسى ئۇيغۇرچىدا "ئۇ" يېزىلىدۇ. u

قوشما يۈنمۇ "uan " ، " g,h,k " شىڭمۇلرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە، تەركىبىدىكى " u " ئۇيغۇرچىدا " ئۈ "يېزىلىدۇ. " g,h,k " شىڭمۇلاردىن باشقا شىڭمۇلارغا قوشۇلۇپ كەلسە، " ئۇ " يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| يۇنمۇ | Yun mu | 韵母 |
| لۇشۈن | Lu xun | 鲁迅 |
| گۈەن ۋېنجاۋ | Guan wen zhao | 关文钊 |
| جيا يۇگۈەن | Jia yu guan | 嘉峪关 |
| لى رۇيخۈەن | Li rui huan | 李瑞环 |
| كۈەن (فامىلە) | Kuan | 宽 |

5)خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى ئايرىم بوغۇم بولۇپ كەلگەن قوشما يۈنمۇ " ou " تەركىبىدىكى " u " تاۋۇشى، قوشما يۈنمۇ " ao,iao" سىكى "o" تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا " ۋ "غا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىملادا " ۋ " يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئوۋياڭ شيۇ | Ou yang xiu | 欧阳修 |
| جوۋ ئېنلەي | Zhou en lai | 周恩来 |
| ماۋ زېدوڭ | Mao ze dong | 毛泽东 |

| | | |
|---|---|---|
| جياۋ يۈلۇ | Jiao yu lu | 焦裕禄 |
| ئاۋ مېن | Ao men | 澳门 |
| ساۋ ساۋ | Cao cao | 曹操 |

6) خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تاق يۈنمۇلىرى ئىچىدە "o" تاۋۇشى ئەگەر ئۈچۈق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئۇيغۇرچىدا " ئو "يېزىلىدۇ. يېپىق بوغۇم ھالەتتە قالسا، "ئۇ " يېزىلىدۇ. مەسلەن:

| | | |
|---|---|---|
| بوخەي | Bo hai | 渤海 |
| نىڭبو | | 宁波 |
| موخې | Mo he | 漠河 |
| پو ياڭ | Po yang | 鄱阳 |
| شەندۇڭ | Shan dong | 山东 |
| چۇڭچىڭ | Chong qing | 重庆 |
| جۇڭخۇا | Zhong hua | 中华 |
| گۇڭشې | Gong she | 公社 |

7) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدا "uai,ai,uan,ian,an " يۈنمۇلىرىدىكى " a" تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدىكى " ئە" تاۋۇشىغا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئىملادا "ئە" يېزىلىدۇ. بۇلاردىكى ئاخىرقى تاۋۇش ياكى ئۆتكۈنچى تاۋۇش بولۇپ كېلىدىغان "ī " تاۋۇشى ئۈزۈك تاۋۇش " ي "غا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىملادا " ي " يېزىلىدۇ. مەسلەن:

| | | |
|---|---|---|
| تيەنجىن | Tian jin | 天津 |
| لەنجۇ | Lan zhou | 兰州 |

| | | |
|---|---|---|
| شەنخەيگۇەن | Shan hai guan | 山海关 |
| چاڭجياڭ | Chang jiang | 长江 |
| خۇەيخې | Huai he | 淮河 |

8) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى قوشما يۇنمۇ " uo" ئۇيغۇرچىدا " ئو " بىلەن، "ue" ئۇيغۇرچىدا " ئۆ" بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| گوۋۇيۈەن | Guo wu yuan | 国务院 |
| يۆ فېي | Yue fei | 岳飞 |
| جاڭ شۆلياڭ | Zhang xue liang | 张学良 |

9) خەنزۇچە كىشى ئىسىملىرىدا فامىلە بىلەن ئىسىم ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

| | | |
|---|---|---|
| ئوۋياڭ شيۇ | Ou yang xiu | 欧阳修 |
| جوۋ ئېنلەي | Zhou en lai | 周恩来 |
| ماۋ زېدوڭ | Mao ze dong | 毛泽东 |
| جياۋ يۈلۇ | Jiao yu lu | 焦裕禄 |

2. رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋرۇپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋرۇپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ، يەنى ئالدىنقىسى جاراڭسىز، كېيىنكىسى جاراڭلىق ياكى ھەر ئىككىسىلا جاراڭلىق ۋە ياكى ھەر ئىككىسىلا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش "س" ياكى "ش" لار ئۈزىدىن كېيىن باشقا جاراڭسىز

ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن قاتارلىشىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلگەندە، سۆز بېشىغا " ئى" قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىستىل، ئىسفىرا، ئىستاتىك، ئىستودىيە، ئىسپورا، ئىسكىرىپكا، ئىسكىلات، ئىشتاپ، ئىشتات، ئىشتانكا، ئىشكالا. . . . . . . . .

2) " س، ش"دىن باشقا ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش سۆز بېشىدا قاتار كەلسە، بۇ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا " ئى" قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پىتومائىن، پىتېروكارىيە، فىتور. . . . . . .

3)"س، ش، ت، پ، خ، ف، ك" قاتارلىق جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۆزىدىن كېيىن " ر، ل، م " قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن قاتارلىشىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلسە، بۇ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا " ئى" قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پىراكتىكا، پىروگىراممىا، پىرولېتارىيات، تىراكتور، تىراگىدىيە، خىروم، خىرۇستال، خىرىستىيان، فىرانىك، فىرانسوز، سىلانېتىس، سىمولا، شىلانكا، كىران، كىلاسسىك. . .

4) ئىككى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بېرىكىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلسە، بۇ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا " ئى" قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بىراخما، بىرىتىۋا، بىرىليانت، بىروم، بىرونېۋىك، دىراپ، دىراما، دىراۋىد، گىراماتىكا، گىرام. . . . . . . .

5) رۇس فامىلىلىرىدىكى "- ئوۋ، -ئېۋ، -يېۋ" قوشۇمچىلىرىدىكى " ۋ " تاۋۇشى " ف " بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرگېنىف لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي ھەيدەروف نېكراسوف

X قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1. يەككە ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا چېكىت قويىماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ج خ ج _ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

ج ك پ _ جۇڭگو كومۇنىستلار پارتىيەسى

ج خ ئى _ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى

ش ئۇ ئا ر _ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

2. بوغۇم بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پارتكوم _ پارتىيە كومىتېتى ئوبكوم _ ئوبلاستلىق كومىتېت

تىلكوم _ تىل-يېزىق كومىتېتى

3. كىشى ئىسىم-فامىلىلىرىنىڭ قىسقارتىلغان ھەرپىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

م. كاشغەرى( مەھمۇد كاشغەرى) ل. مۇتەللىپ( لۇتپۇللا مۇتەللىپ)

ئا. ت. ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم تىلەش ئۆتكۈر) ئا. نىزارىي( ئابدۇرەھىم نىزارى)

4.

سۆزلەر تىلىمىزغا قۇبۇل قىلىنغاندا خەلقئارادىكى لاتىن ھەرپلىرىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن :

WTO دۇنيا سودا تەشكىلاتى

GDP ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى

BBC ئەنگلىيە رادىيو شىركىتى

KGB دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى

| | |
|---|---|
| VCD | ۋىدىيولۇق ئوپتىكىلىق دىسكا |
| DVD | رەقەملىك ۋىدىيولۇق دىسكا |
| CD | ئوپتىكىلىق دىسكا |

5. خەلقئارادا ھەرپ بويىچە قىسقارتىلىپ بوغۇم تەشكىل قىلالايدىغان سۆزلەر تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغاندا، ئىملادا قىسقارتىلغان لاتىن ھەرپى بويىچە يېزىشقىمۇ ياكى ئۇيغۇرچە يېزىشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| OPEC | ياكى | ئوپېك |
| SARS | ياكى | سارس |
| ADIS | ياكى | ئەيدىز |
| DOS | ياكى | دوس |
| ROM | ياكى | روم |
| RAM | ياكى | رام |

6. بىر قىسىم خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ناملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ھەرپ بويىچە قىسقارتىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ب د ت | بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى |
| ش ئا ئە ت | شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى |
| م د ب | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى |
| ئو ت م | ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى |

7. خەلقئارادا قىسقارتىپ يېزىپ كېلىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇرچە يەككە ھەرپ بويىچە قىسقارتىپ يېزىلىدۇ، ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ. مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| س م | سانتىمېتىر |

ك م كىلومېتىر

ك ل كىلولىتىر

ك ۋ كىلوۋات

م م مىللىمېتىر

XI قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى

1. قوشۇمچىلار سۆز يىلتىزىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

چىراي+ لىق= چىرايلىق ئۆي+ دىن= ئۆيدىن كىتاب+ خانا=كىتابخانا

2. ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم ئەسلىي سۈپەت سۆزلەرگە ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە "ي" قوشۇپ يېزىلىدۇ. مۇنداق سۈپەتلەر ئەگەر ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنسە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ئوخشاشلا ئاخىرىغا " سى " قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بەدىئىي، مەنىپىي، ئاددىي، مەخپىي، سەممىي، ئىجابىي، ئىجابىيسى

سەلبىي، سەلبىيسى تەبىئىي تەبىئىيسى ئالىي ئالىيسى ئەشەددىي

ئەشەددىيسى تەپسىلىي تەپسىلىيسى

3. پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە قوشۇلىدۇ.

"ل، م، ن، ز، گ، غ، ڭ، ي" بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا "- دۇر، - دۇر" قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

چان ــ چاندۇر قون ــ قوندۇر بۇز ــ بۇزدۇر

| | | |
|---|---|---|
| ئەز _ ئەزدۈر | چىگ _ چىگدۈر | تۈگ _ تۈگدۈر |
| بوغ _ بوغدۇر | تۇغ _ تۇغدۇر | ماڭ _ ماڭدۇر |
| توڭ _ توڭدۇر | كۆي _ كۆيدۈر | قوي _ قويدۇر |
| ئال _ ئالدۇر | قال _ قالدۇر | يۇم _ يۇمدۇر |

ئەسكەرتىش:

تۆۋەندىكى سۆزلەر يۇقىرىدىكى قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن:

كەل _ كەلتۈر ئۆل _ ئۆلتۈر سۇن _ سۇنغۇز_. . . . . (تاماق)

تۆۋەندىكىلەرگە ئىككى خىل قوشۇمچى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تام _ تېمىت. . . . . ، تامدۇر ئاق _ ئېقىت. . . . . . . ئاقتۇر ئەم _ ئېمىت. . . . . ئەمدۈر

4. "س، ق، ك، پ" بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا "_ تۇر، _ تۈر" قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئاس _ ئاستۇر | باس _ باستۇر | كەس _ كەستۈر |
| باق _ باقتۇر | قاق _ قاقتۇر | ياق _ ياقتۇر |
| چەك _ چەكتۈر | بىرىك _ بىرىكتۈر | زېرىك _ زېرىكتۈر |
| ياپ _ ياپتۇر | قوپ _ قوپتۇر | كۆپ _ كۆپتۈر |

ئەسكەرتىش:

تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

قوپ _ قوپۇر (تام) چىق _ چىقار قورق قورقۇت

قىس _ قىسقۇز. . . . . . . . . . . ( "قىستۇر- "دىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ)

5. "ش"بىلەن ئاياقلاشقان تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرگە " ۇر، - ۈر " قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئاش ـ ئاشۇر تاش ـ تاشۇر پۇش ـ پۇشۇر پىش ـ پىشۇر چۇش ـ چۇشۇر

ئەسكەرتىش:

تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

يەش ـ يەشتۇر تەش ـ تەشتۇر ئەش ـ ئەشتۇر

6. " ر " بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللار ھەم " ت "بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنى مەجبۇرىي دەرىجىگە ئايرىش ئۇچۇن " ـ غۇز، ـ قۇز، ـ گۇز، ـ كۇز " قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. ، دۇر، تۇر، دۇر، تۇر" بىلەن ئىپادىلەنگەن مەجبۇرىي دەرىجىلەرنى ئىككى قاتلاملىق مەجبۇرىي دەرىجىگە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇنمۇ " ـ غۇز، ـ قۇز، ـ گۇز، ـ كۇز " قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئات_ ئاتقۇز تارت ـ تارتقۇز ئارت ـ ئارتقۇز (يۈك)

ئەۋەت ـ ئەۋەتكۈز قات ـ قاتقۇز يۇت ـ يۇتقۇز

يەت ـ يەتكۈز پۈت ـ پۈتكۈز ئۆچۈر_ ئۆچۈرگۈز

بەر ـ بەرگۈز تەر ـ تەرگۈز كەلتۈر_ كەلتۈگۈز

بار_ بارغۇز ھار ـ ھارغۇز كۆيدۈر ـ كۆيدۈرگۈز

ئىشلەت ـ ئىشلەتكۈز ئايلاندۇر ـ ئايلاندۇرغۇز

ئەسكەرتىش:

تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

ئارت ـ ئارتتۇر (ۋەزىپە) قات ـ قاتۇر (مۇز)

يىت ـ يىتتۈر ( بىر نەرسىنى) قايت ـ قايتۇر

7. سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللار ۋە " ر، ي " بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى " ت " قوشۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياسا ـ ياسات جابدۇ ـ جابدۇت قىزى ـ قىزىت

قاپار _ قاپارت        كۆكەر _ كۆكەرت        چاقىر _ چاقىرت

ئازاي _ ئازايت        كۆيدۈر _ كۆيدۈر ت        ماكچاي_ ماكچايت

ئەسكەرتىش:

تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

ده _ دېگۈز        يۇ _ يۇغۇز        يه _ يېگۈز

ئولتۇر _ ئولتۇرغۇز        ئاپار _ ئاپارغۇز        ئەكىر _ ئەكىرگۈز

8. " چ " بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى " ئار، - ئۇر، - ئۈر " قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاچ _ ئاچۇر        قاچ _ قاچۇر        كەچ _ كەچۈر

ئۇچ _ ئۇچۇر        ئۆچ_ ئۆچۈر        كۆچ _ كۆچۈر

ئەسكەرتىش:

" چاچ-" پېئىلى بىلەن "پىچ- "پېئىلى بۇ قائىدىگە بېقىنماي، "چاچتۇر "، "پىچتۇر " شەكلىدە كېلىدۇ.

XIIبوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى

1. قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزنىڭ شۇ قۇرغا سىغماي قالغان قىسمىنى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈلىدۇ. بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەپچىقى_        تىرىش_        ئوقۇ_        تەرەق_

رىش        چانلىق        غۇچىلار        قىيات

2. رەقەم بىلەن يېزىلغان ساناق سانلار قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالسا، ئۇلارنى پارچىلاپ ئىككىگە بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

توغرىسى    خاتاسى

2008- يىلى    -20

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . 08- يىلى

336,520 جىڭ    _520

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . 336 جىڭ

3. ھەرپ بىلەن قىسقارتىلغان سۆزلەرنى بۆلۈپ ئىككىنچى قۇرغا يېزىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

توغرىسى    خاتاسى

ش ئۇ ئا ر نىڭ يەر مەيدانى    ش ئۇ _

ئا ر نىڭ يەرمەيدانى

تىنىش بەلگىلەر

چېكىت .    پەش ،    سۇئال بەلگىسى ؟

ئۈندەش بەلگىسى !    تىرناق ( )    يالاڭ تىرناق< >

قوش تىرناق 《 》    چوڭ تىرناق [ ]    چېكىتلىك پەش ؛

قوش چېكىت:    سىزىقچە -    سىزىق _

كۆپ چېكىت. . . . . . . . .    قوش پەش ” “

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى

1. تەلەپپۇز قائىدىسى ھەققىدە

تەلەپپۇز قائىدىسى توغرا سۆزلەش قائىدىسى دېگەنلىكتۇر. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تەلەپپۇز قائىدىسى مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئالاقە قىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشىنى تەمىن ئېتىدىغان ۋە .

تىلنىڭ ئىملا قائىدىسى بىلەن تەلەپپۇز قائىدىسى تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىكى موھىم قائىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە ئىملا بىلەن تەلەپپۇزنى قېلىپلاشتۇرۇش دېگەنلىك. ئىملانىلا قېلىپلاشتۇرۇپ، تەلەپپۇز تاشلاپ قويۇلسا، ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ئىملا قائىدىسى مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلسە، تەلەپپۇز قائىدىسى ئەدەبىي تىلنىڭ ئېغىز شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. تىلدا ئالاقىلىشىش شارائىتىنىڭ ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تىلنى بۇ ئىككى جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بەلگىلىگەن.

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتى ۋە ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى ھەققىدە

مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىدە شۇ تىلغا تەۋە بولغان دىيالېكتلاردىن بىرسى ئاساس بولىدۇ. قايسى دىيالېكتنىڭ ئاساس بولىدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ سوبىكتىپ خاھىشى ئەمەس، بەلكى شۇ دىيالېكتنىڭ شۇ تىل قوللىنىلىۋاتقان جەمىيەتتە

تۇتقان ئورنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر دىيالېكت رايونى شۇ جەمىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولسا ۋە شۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ نوپۇسىمۇ كۆپ بولسا، بۇ دىيالېكت شۇ جەمىيەتتە ئەڭ موھىم ھېسابلىنىپ، ئەڭ تەسىرچانلىققا، ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىيالېكتى دېگەندە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە مۇشۇ رايونلارغا قاراشلىق ناھىيەلەردە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىز بۇ رايونلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەركىزىي رايونلار ئىكەنلىكىگە قاراپ، بۇ دىيالېكتنى مەركىزىي دىيالېكت دەپ ئاتىدۇق.

مەركىزىي دىيالېكت رايونىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقىرىدىكى رايونلار تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە مەركەز بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار پۈتۈن ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. كۆلەم جەھەتتە، بۇ دىيالېكت رايونى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ شەرتلەر ئاساسىدا مەركىزىي دىيالېكت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئىنتايىن موھىم رول ئوينىدى ۋە ئوينىماقتا.

بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان دىيالېكتتا ئالاقە قىلىشىدىغانلارنىڭ تەلەپپۇزى ئومۇمەن ئالغاندا شۇ تىلنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۈلگىلىك رول ئوينايدۇ ۋە شۇ تىلنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولالايدۇ.

گەرچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مەركىزىي دىيالېكتىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ تەلەپپۇزى مۇشۇنداق موھىم رولغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي

دىيالېكت ئىچىگە كىرىدىغان ھەر قايسى شېۋىلەر ئارا بەزى فونېتىكىلىق پەرقلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلپپۇزىنى بېكىتىشتە مەركىزىي دىيالېكت تەۋەسىدىن شۇ دىيالېكت رايونىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان نىسبەتەن ئۆلچەملىك بولغان تەلەپپۇر رايونىنى تاللاپ چىقىش لازىم بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە 20_ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان دىيالېكتىنىڭ مەركىزىي دىيالېكت ئىكەنلىكى ۋە نىسبەتەن ئۆلچەملىك تەلەپپۇز رايونىنىڭ ئۈرۈمچى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

بۇ نوقتىنى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ زامانىمىزدا ئالدى بىلەن سىياسىي مەركەز، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانلىقى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇ رايونغا توپلىنىشى ۋە ھەر قايسى دىيالېكتلار ۋە شېۋىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى يىغىنچاقلىغان ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي ئېغىز تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئۆلچەملىك تەلەپپۇزنى شەكىللەندۈرگەنلىكى، بۇنىڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، بۇ رايوندا مەدەنىيەت- مائارىپ ئىشلىرىنىڭ كۈنسېرى گۈللىنىشى، كىنو-تىياتىر، رادىيو_تېلېۋىزىيە، ئاخبارات ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق كۆپلىگەن ئاكتىپ ئامىللار ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي تەلەپپۇزىغا ئاساس بولالايدىغان، مەركىزىي دىيالېكت ئىچىدىكى باشقا شېۋىلەر تەلەپپۇزىغا نىسبەتەن ئۆلچەملىك تەلەپپۇز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

بىر مىللەت تىلىدىكى دىيالېكت ۋە شېۋە ئالاھىدىلىكلىرى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە

ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇلار ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىپ بارىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن پايدىلىق تەركىبلىرى بىلەن شۇ ئەدەبىي تىلنى بېيىتىپ بارىدۇ ۋە ئاخىرى شۇ ئەدەبىي تىلى بىلەن بولغان پەرقلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. مۇنداق تەرەققىيات جەريانى ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدا ۋە ئۇلارنىڭ دىيالېكت، شېۋىلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە داۋاملىشىدۇ. بۇ نوقتىدا ئاساسىي ھەل قىلغۇچ ئامىل مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن_تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي تىل بىلەن دىيالېكت ۋە شېۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنداق بولغاچقا، بىز ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرگەن، نىسبەتەن ئۆلچەملىك تەلەپپۇزغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شېۋىدىمۇ مەلۇم مەزگىل ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق شېۋە ئالاھىدىلىكلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئېغىز تىلى نورمىلىرىنى بېكىتىش بىر تىلدىكى فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەلەپپۇز جەھەتتىن بىر قېلىپقا سېلىشنى، جۈملىدىن نىسبەتەن ئۆلچەملىك تەلەپپۇز رايونىدىكى شېۋىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە شاللىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي تەلەپپۇزنىڭ قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىدۇر.

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈش پرىنسىپلىرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنىمۇ ئوخشاشلا ئېتىبار بېرىش ئىنتايىن موھىم. ئادەتتە ئىملا قائىدىسى كىشلەرنى خاتا يېزىشتىن چەكلىسە، تەلەپپۇز قائىدىسى سۆزلەرنى توغرا، ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. تەلەپپۇز قائىدىسى ئىمكانقەدەر ئىملا قائىدىسىگە بېقىنىشى، يەنى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئىمكانقەدەر ئىملاسى بىلەن ئوخشاش بولۇشى شەرت. جانلىق تىل ئۆزگىرىشچان بولغانلىقتىن

تىزگىنلەنمىسە، ئىملا بىلەن تەلەپپۇز ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارا-بارا چوڭىيىپ بېرىپ، جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىلىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ- دە، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا، ئىجتىمائىي ئالاقىگە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلمىي بولغان تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىنتايىن موھىم. تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلەش لازىم.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈشتىكى پىرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1)ئىمكانقەدەر سۆز تەركىبىدىكى ھەر بىر ھەر بىر تاۋۇشنى ئېلىپبەدە بېكىتىلگەن تاۋۇش نورمىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىش، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ شۇ سۆزنىڭ ئىملاسى بىلەن بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەش؛جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشتا، نوقۇل ھالدا نۇتۇقنىڭ راۋانلىقىنى قوغلىشىپ كەتمەسلىك؛جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم سۆزنىڭ تەلپپۇزىدا ئۆزىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىن يۈز بېرىدىغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادە قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئەھۋاللاردا ئىملانى ئاساس قىلىش.

ھەر قانداق يېزىق تىل جانلىق تىل ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. لېكىن ئۇ شەكىللەنگەندىن كېيىن يېزىقنىڭ چەكلەش رولى ۋە ئىملا قائىدىسى ئارقىلىق جانلىق تىلغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى توغرا يېتەكلەيدۇ. ھەمدە تەلپپۇزنىڭ بىر قېلىپقا چۈشۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز نورمىلىرىنىڭ ئىملا نورمىلىرى بىلەن بىر خىلدا بولۇشىنى تەكىتلەش تولىمۇ موھىم.

2)فىزىيولوگىيەلىك شارائىت يار بەرمىگەن ئايرىم ئەھۋاللاردا سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى

قوغلاشماي، تەلەپپۇزغا مەلۇم جەھەتتىن يول قويۇش.

جانلىق تىلمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بەزى سۆزلەر كونكرېت ئالاقە شارائىتىدا يېزىقتا ئىپادىلەنگىنى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنسا، نۇتۇقنىڭ راۋانلىقى ۋە يېقىملىقلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا تەلەپپۇز قائىدىسىنى بېكىتىشتە، ھەممىلا ئورۇندا سۆزلەرنىڭ ئىملاسى بىلەن تەلەپپۇزىنىڭ بىردەك بولۇشىنى ئاشۇرۇش كېرەك دېگەن تەلەپنى قويغىلى بولمايدۇ.

4. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى

سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ئايرىم ئەھۋاللاردا يۇقىرىدىكى ئىككىنچى پرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىنىدۇ. بۇ قېتىم تەلەپپۇز قائىدىسىنى بېكىتىشتە، سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئىملاسىنىڭ بىردەك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. بۇنىڭدا دىققەت قىلىدىغان نوقتىلار تۆۋەندىكىچە:

1)بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن "ر، ل، ھ " تاۋۇشلىرى نۇتۇقتا ھەر قانداق ئەھۋالدا چۈشۈرۈلمەيدۇ. ئەمما سىلىقراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| ئانار | ئانار(ئانا: ئەمەس) |
| دۇتار | دۇتار(دۇتا: ئەمەس) |
| بارغان | بارغان ( با:غان ئەمەس) |
| كۆرگەن | كۆرگەن (كۆ:گەن ئەمەس) |
| ئالغان | ئالغان ( ئا:غان ئەمەس) |
| بولغان | بولغان (بو: غان ئەمەس) |
| چالماق | چالماق (چا:ماق ئەمەس) |

| | |
|---|---|
| سالماق | سالماق (سا:ماق ئەمەس) |
| پادىشاھ | پادىشاھ (پادىشا ئەمەس) |
| ئارامگاھ | ئارامگاھ (ئارامگا ئەمەس) |
| ھېيتگاھ | ھېيتگاھ (ھېيتگا ئەمەس) |

2

تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەي، ئۆز پېتى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| بارىمەن | بارىمەن(بارىمە ئەمەس) |
| كېلىمەن | كېلىمەن (كېلىمە ئەمەس) |
| بارىسەن | بارىسەن (بارىسە ئەمەس) |
| كېلىسەن | كېلىسەن (كېلىسە ئەمەس) |

3) (1) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان "س" ياكى "ش" جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ئۆزىدىن باشقا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن قاتارلىشىپ، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە، قاتارلىشىپ كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىغان "ئى"سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ جاراڭسىز ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئىستىل | ئىستىل |
| ئىستاكان | ئىستاكان |
| ئىشتات | ئىشتات |
| ئىشكاپ | ئىشكاپ |

(2) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان "س"

ياكى "ش" جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلىرىدىن باشقا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن قاتارلىشىپ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە، قاتارلىشىپ كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا"ئى"سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ جاراڭسىز ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| پىتومائىن | پىتومائىن |
| پىتېروكارىيە | پىتېروكارىيە |
| فىتور | فىتور |

(3) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئالدىنقىسى جاراڭسىز كېيىنكىسى جاراڭلىق ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش قاتارلىشىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە، بۇ ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا "ئى"سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ، جاراڭلىق ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| سىمولا | سىمولا |
| سىلانېتىس | سىلانېتىس |
| شىلانكا | شىلانكا |
| پىرىنسىپ | پىرىنسىپ |
| تىراكتور | تىراكتور |
| خىروم | خىروم |
| كىلاسسىك | كىلاسسىك |

(4) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىككى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش قاتارلىشىپ سۆز بېشى بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە، بۇ

ئىككى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ئارىسىغا "ئى"سوزۇق تاۋۇشى قوشۇلۇپ، جاراڭلىق ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| بىراخما | بىراخما |
| بىرىتۋا | بىرىتۋا |
| بىرىلىيانت | بىرىلىيانت |
| بىروم | بىروم |
| بىرونېۋىك | بىرونېۋىك |
| دىراپ | دىراپ |
| دىراما | دىراما |

(5)بەزى سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدىكى بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن چۈشۈپ قېلىپ، ئەسلى يېپىق بوغۇم ئوچۇق بوغۇمغا ئايلانغان بولسا، چۈشۈپ قالغان ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇش سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| ئەتە (ئەسلى ئەرتە) | ئە:تە |
| باغاق(ئەسلى بارغاق) | با:غاق |
| چۈقان (ئەسلى چۇۋقان) | چۇ:قان |

ئەسكەرتىش:

(6) "ر" تاۋۇشىنىڭ ئالدىدا كەلگەن "ئا، ئە، ئو، ئۆ، ئې"تاۋۇشلىرى ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |

| | |
|---|---|
| ئارا | ئا:را |
| ھەرە | ھە:رە |
| ئورۇق | ئو:رۇق |
| ئۆرە | ئۆ:رە |
| يورۇق | يو:رۇق |
| بېرىپ | بې:رىپ |
| يېرىپ | يې:رىپ |

(7) "ر، ل"تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن "ئۇ، ئۈ، ئى"تاۋۇشلىرى قىسقىراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| تۇرۇپ | تۇرۇپ |
| تۇلۇم | تۇلۇم |
| كۈلۈپ | كۈلۈپ |
| كۈرۈك | كۈرۈك |
| بىلىم | بىلىم |
| بىلىپ | بىلىپ |
| چىرىك | چىرىك |
| قىرىپ | قىرىپ |
| بىراق | بىراق |
| بىلەن | بىلەن |
| تىلىم | تىلىم |
| چىلىم | چىلىم |

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا "ئۇ، ئۈ، ئى"سوزۇق تاۋۇشلىرى كەلسە، بۇلار تەلەپپۇزدا جاراڭسىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئۇت | ئۇت |
| ئۇچ | ئۇچ |
| كۈت | كۈت |
| كۈچ | كۈچ |
| ئىت | ئىت |
| پىت | پىت |

(8)ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم سۆزلەردىكى "ئا، ئە"تاۋۇشلىرى ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئادەم | ئا:دەم |
| نالە | نا:لە |
| ئىئانە | ئىئا:نە |
| ماھىر | ما:ھىر |
| زالىم | زا:لىم |
| نامەرت | نا:مەرت |
| سايە | سا:يە |

(9)بىر قىسىم "ر،

ۋە "ئە" تاۋۇشلىرى ئەسلىدە ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مۇنداق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندىمۇ، بۇ "ئا" ۋە "ئە"تاۋۇشلىرى ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتمىغانلىقتىن، "ئې"غا

نۆۋەتلەشمەي، تەلەپپۇزدا ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
| --- | --- |
| سان_سانى | سا:نى |
| پال_ پالى | پا:لى |
| زال_ زالى | زا:لى |
| شال_ شالى | شا:لى |
| هال _ هالى | ها:لى |
| يال_ يالى | يا:لى |
| قار_ قارى | قا:رى |
| تار_ تارى | تا:رى |
| يار_ يارى | يا:رى |
| تەر_ تەرى | تە:رى |
| كار _ كارى | كا:رى |
| پار _ پارى | پا:رى |
| شار _ شارى | شا:رى |
| دار _ دارى | دا:رى |
| گار_ گارى | گا:رى |

(10) "ت، ن، پ، ز، ش" قاتارلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە تىل ئورنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى مۇشۇ تاۋۇشلارغا ئوخشاش بولغان تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، نوتۇقتا ئومۇمەن ئاسسىمىلياتسىيە هادىسىسىگە يول قويۇلماي، سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش ئۆز پېتى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئاتسا | ئاتسا(ئاسسا ئەمەس) |
| ساتسا | ساتسا( ساسسا ئەمەس) |
| كەتسە | كەتسە (كەسسە ئەمەس) |
| ئونبىر | ئونبىر (ئومبىر ئەمەس) |
| شەنبە | شەنبە (شەمبە ئەمەس) |
| تۇرپانغا | تۇرپانغا(تۇرپاڭغا ئەمەس) |
| يامانغا | يامانغا(ياماڭغا ئەمەس) |
| ئوقۇپباق | ئوقۇپباق(ئوقۇپپاق ئەمەس) |
| يېزىپبەر | يېزىپبەر(يېزىپپەر ئەمەس) |
| مەنمۇ | مەنمۇ(مەممۇ ئەمەس) |
| يامانلىق | يامانلىق( ياماللىق ئەمەس) |
| يۈزسىز | يۈزسىز(يۈسسىز ئەمەس) |
| تۇزسىز | تۇزسىز(تۇسسىز ئەمەس) |
| پىشسۇن | پىشسۇن(پىسسۇن ئەمەس) |

(11) بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن "ب، د" ئۈزۈك تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا، جاراڭسىز پارتىلىغۇچى "ت، پ"تاۋۇشلىرىغا يېقىنراق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئەۋلاد | ئەۋلاد(ئەۋلات ئەمەس) |
| تەنقىد | تەنقىد (تەنقىت ئەمەس) |
| ئىقتىساد | ئىقتىساد(ئىقتىسات ئەمەس) |
| ئازاب | ئازاب(ئازاپ ئەمەس) |

| | |
|---|---|
| ئەدىب | ئەدىب(ئەدىپ ئەمەس) |
| كىتاب | كىتاب(كىتاپ ئەمەس) |

(12) بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن "ق، چ"تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا ئۆز پېتى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئاقساقال | ئاقساقال(ئاخساقال ئەمەس) |
| ساقچى | ساقچى (ساخچى ئەمەس) |
| ئۇقتۇرۇش | ئۇقتۇرۇش (ئۇختۇرۇش ئەمەس) |
| تۇراقسىز | تۇراقسىز(تۇراخسىز ئەمەس) |
| ئاچقان | ئاچقان(ئاشقان ئەمەس) |
| قاچقۇن | قاچقۇن(قاشقۇن ئەمەس) |
| ئۇچقان | ئۇچقان(ئۇشقان ئەمەس) |
| ئاچقۇچ | ئاچقۇچ (ئاشقۇچ ئەمەس) |

(13)بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن "ج "تاۋۇشى نۇتۇقتا "ژ "تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي، ئۆز پېتى يېنىكرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| باج | باج (باژ ئەمەس) |
| كاج | كاج (كاژ ئەمەس) |
| ئۈجمە | ئۈجمە(ئۈژمە ئەمەس) |
| ئىجتىمائىي | ئىجتىمائىي(ئىژتىمائىي ئەمەس) |

(14)ئىككىنچى تەركىبىدىكى "ب" بىلەن باشلانغان بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى تەركىبىنىڭ بوغۇم بېشىدىكى "ب " تاۋۇشى تەلەپپۇزدا "ۋ"غا نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي، ئىملاسى

بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| بەلباغ | بەلباغ(بەلۋاغ ئەمەس) |
| گۈلباغ | گۈلباغ(گۈلۋاغ ئەمەس) |
| قاپاقباش | قاپاقباش (قاپاقۋاش ئەمەس) |
| كاتتىباش | كاتتىباش(كاتتىۋاش ئەمەس) |
| ئونبېشى | ئونبېشى(ئونۋېشى ئەمەس) |
| يۈزبېشى | يۈزبېشى(يۈزۋېشى ئەمەس) |
| يۈزبېگى | يۈزبېگى(يۈزۋېگى ئەمەس) |
| مىڭبېگى | مىڭبېگى(مىڭۋېگى ئەمەس) |
| ئەمەتباقى | ئەمەتباقى(ئەمەتۋاقى ئەمەس) |

(15)بىرىنچى تەركىبىنىڭ ئاخىرىدا "ئا" ۋە "ئە"تاۋۇشلىرى كېلىدىغان بىرىككەن سۆزلەر، يەر_جاي ناملىرى ۋە جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا، ئەگەر بىرىنچى تەركىبتىكى "ئا" ۋە"ئە"تاۋۇشلىرى"ئى"نۆۋەتلەشتۈرۈلمەي ئۆز پېتى يېزىلغان بولسا، بۇ يەردىكى "ئا"ۋە"ئە" تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا سەل قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| قاراماي | قاراماي(قارىماي ئەمەس) |
| ئاراساي | ئاراساي(ئارىساي ئەمەس) |
| جاغداساي | جاغداساي(جاغدىساي ئەمەس) |
| جىگدەمازار | جىگدەمازار(جىگدىمازار ئەمەس) |
| دۈشەنبەبازار | دۈشەنبەبازار(دۈشەنبىبازار ئەمەس) |

ئاتا-ئانا ئاتا-ئانا(ئاتى-ئانا ئەمەس)

ئانا-بالا ئانا-بالا(ئانى-بالا ئەمەس)

خالتا-خالتا خالتا-خالتا(خالتى-خالتا ئەمەس)

ئارقا-ئارقىدىن ئارقا-ئارقىدىن(ئارقى-ئارقىدىن ئەمەس)

ئەتە-ئۆگۈن ئەتە-ئۆگۈن(ئەتى-ئۆگۈن ئەمەس)

كەلسە-كەلمەس كەلسە-كەلمەس(كەلسى-كەلمەس ئەمەس)

ئەگەر بىرىنچى تەركىبنىڭ ئاخىرىدىكى"ئا" ۋە "ئە" تاۋۇشلىرى ئىملادا "ئى"غا نۆۋەتلەشتۈرلۈپ يېكىتىلگەن بولسا، ئۇخشاشلا بۇ يەردىكى "ئى"تاۋۇشى سەل قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىملاسى تەلەپپۇزى

قاغىتۇمشۇق قاغىتۇمشۇق

قارىمۇچ قارىمۇچ

بالىياتقۇ بالىياتقۇ

تۆگىتاپان تۆگىتاپان

(16)كىشى ئىسىملىرى ئىملاسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىملاسى تەلەپپۇزى

يۈسۈپ ئاكا يۈسۈپ ئاكا(يۈسۈۋاكا)

تالىپ ئاخۇن تالىپ ئاخۇن(تالىۋاخۇن ئەمەس)

زەينەپ ئاچا زەينەپ ئاچا(زەينىۋاچا ئەمەس)

ئەركىنئاي ئەركىنئاي(ئەركىناي ئەمەس)

گۈزەلئاي گۈزەلئاي(گۈزەلاي ئەمەس)

(17) "ئىدى، ئىكەن، ئىمىش"ياردەمچى پېئىللىرى تۈرغۈن سۆزلەردىن كېيىن

كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلماي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇچۇق بوغۇملۇق سۆزلەردىن كېيىن

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئالما ئىدى | ئالما ئىدى(ئالمىدى، ئالمىكەن، ئالمىمىش ئەمەس) |
| ئالتە ئىدى | ئالتە ئىدى(ئالتىدى، ئالتىكەن، ئالتىمىش ئەمەس) |
| توختى ئىدى | توختى ئىدى(توختىدى، توختىكەن، توختىمىش ئەمەس) |

يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەردىن كېيىن

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| تاش ئىدى | تاش ئىدى(تاشىدى، تاشىكەن، تاشىمىش ئەمەس) |
| چايدان ئىدى | چايدان ئىدى (چايدانىدى، چايدانىكەن، چايدانىمىش ئەمەس) |
| تۇمار ئىدى | تۇمار ئىدى(تۇمارىدى، تۇمارىكەن، تۇمارىمىش ئەمەس) |
| چەينەك ئىدى | چەينەك ئىدى(چەينەكىدى، چەينەكىكەن، چەينەكىمىش ئەمەس) |
| قەغەز ئىدى | قەغەز ئىدى(قەغەزىدى، قەغەزىكەن، قەغەزىمىش ئەمەس) |

(18)جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش "غ، گ"لار بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ مۇشۇ تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلغاندا، ئۆزەكنىڭ ئاخىرىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشنى بىرلا ۋاقىتتا ئارقا-ئارقىدىن تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغاچقا، بۇ سۆزلەرگە ئىملادا قوشۇمچىلارنىڭ مۇشۇ تاۋۇشلارغا يېقىن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش "ق، ك"بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. ئەمما تەلەپپۇزدا بوغۇم ئاخىرىدىكى"غ، گ "تاۋۇشلىرى"ق، ك"گە نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|

باغقا باققا

تاغقا تاققا

تۇغقان تۇققان

ئەگكەن ئەككەن

تەگكەن تەككەن

بەگكە بەككە

(19)خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردە قوشما يۇنمۇلار تەركىبىدىكى ئۆتكۈنچى سوزۇق تاۋۇشلار ئاساسىي سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىملاسى تەلەپپۇزى

جۇڭخۇا جۇڭخۇا(جۇڭ_خۇ_ ا ئەمەس)

گۇاڭدۇڭ گۇاڭدۇڭ(گۇ_اڭ_دۇڭ ئەمەس)

تيەن ئەنمېن تيەن ئەنمېن(تى-يەن-ئەن-مېن ئەمەس)

(20)ئۇيغۇر تىلىدا باش ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر شۇ ھەرپلەرنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى نامى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىملاسى تەلەپپۇزى

ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) شې ئۇ ئا ر ې

ج ك پ (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى) جې كې پې

ش ئا ئە ت (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى شې ئا ئە تې

(21) خەلقئارادا ھەرپ بويىچە قىسقارتىپ قوللىنىش ئادەتلىنىپ كەتكەن قىسقارتىلغان سۆزلەر تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغاندا، خەلقئارادىكى لاتىن ھەرپلىرىنىڭ ئوقۇلىشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| WTO_ (دۇنيا سودا تەشكىلاتى) | دابلىيۇ تې ئوۋ |
| GDP_ (ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتى) | جى دى پى |
| BBC_ (ئەنگىلىيە رادىيو شىركىتى) | بى بى سى |
| KGB_ (دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى) | كى گى بى |
| VCD_ (ۋىدىيولۇق ئوپتىكىلىق دىسكا) | ۋى سى دى |
| DVD_ (رەقەملىك ۋىدىيولۇق دىسكا) | دى ۋى دى |
| CD _ ( ئوپتىكىلىق دىسكا) | سى دى |

(22) خەلقئارادا قىسقارتىپ يېزىلىپ كېلىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق نامى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|
| س م | (cm) | سانتېمىتىر |
| ك م | (km) | كىلومېتىر |
| ك ل | (kl) | كىلولىتىر |
| ك ۋ | (kw) | كىلوۋات |
| م گ | (mg) | مىللىگىرام |
| م م | (mm) | مىللىمېتىر |

(23) تېلېفون ۋە پوچتا نومۇرلىرىنى ئوقۇشتا، ، قالغان خانىلىرى ئىككى ئىككىدىن ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى ئۈچ خانىسىدىن كېيىن بىر قانچە نۆل قاتار كېلىپ قالسا، ئىككى نۆلدىن كېيىن "دانە"دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىملاسى تەلەپپۇزى

8552357 سەككىز يۈز ئەللىك بەش، يىگىرمە ئۈچ، ئەللىك يەتتە

13669923310 بىر يۈز ئوتتۇز ئالتە، ئاتمىش توققۇز، توقسان ئىككى، ئوتتۇز ئۈچ، ئون

830001 سەككىز يۈز ئوتتۇز، ئىككى دانە نۆل، بىر